EASTERN TURKESTAN „UYGHURISTAN“ NATIONAL CONGRESS

# ئىستىقلال
# İSTİKLAL

2000 - يىلى 7 - ئاي
12 - سان

« شەرقىي تۈركىستان (ئۇيغۇرىستان) مىللىي قۇرۇلتىيى » ئورگان گېزىتى

قوش ھەپتىلىك
سىياسىي - ئىلمىي گېزىت

## گېرمانىيەدىكى ئۇيغۇرلار بېرلىندا خىتايغا قارشى نارازىلىق نامايىشى ئۆتكۈزدى




ئۆز خەۋىرىمىز: بۇيىل 6 - ئاينىڭ 30 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، خىتاينىڭ باش مىنىستىرى جۇروڭجىنىڭ گېرمانىيەگە زىيارەتكە كەلگەنلىكى مۇناسىۋىتى بىلەن، خىتاينىڭ بېرلىن شەھىرىدىكى باش ئەلچىخانىسىنىڭ ئالدىدا خىتايغا قارشى بىرلەشمە نارازىلىق نامايىشى ئۆتكۈزۈلدى.

گېرمانىيەدىكى « دۇنيا خەتەر ئاستىدىكى مىللەتلەرنى قوغداش تەشكىلاتى »، « شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى »، « دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى »، « ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى »، « شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » قاتارلىق تەشكىلاتلارنىڭ ئورتاق ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن بۇقېتىمقى نامايىشقا، گېرمانىيەنىڭ مىيونخېن شەھىرىدىن مەخسۇس ئاپتوبۇس بىلەن كېچىلەپ يول يۈرۈپ بېرلىنغا يېتىپ كەلگەن 50 كە يېقىن ئۇيغۇردىن سىرت يەنە، « دۇنيا خەتەر ئاستىدىكى مىللەتلەرنى قوغداش تەشكىلاتى » نىڭ ۋەكىللىرى، تىبەت ۋە ئىچكى موڭغۇلىستانلىقلارنىڭ ۋەكىللىرى، ئۇيغۇرلارنىڭ داۋاسىنى قوللاپ كېلىۋاتقان تۈركىيەلىك دوستلارمۇ ئىشتىراك قىلدى.

( داۋامى 3 - بەتتە )

## بېلگىيەدە خىتايغا قارشى نامايىش

ئۆز خەۋىرىمىز: 7 - ئاينىڭ 9 - كۈنى، خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى بېلگىيە شۆبىسىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن، بېلگىيەنىڭ پايتەختى بۇرۇكسەلدە خىتاينىڭ باش مىنىستىرى جۇروڭجىنىڭ بېلگىيەگە زىيارەتكە كەلگەنلىكى مۇناسىۋىتى بىلەن بىرلەشمە نارازىلىق نامايىشى ئۆتكۈزۈلدى. بۇقېتىمقى نامايىشقا، خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى بېلگىيە شۆبىسىنىڭ ۋەكىللىرى، « بېلگىيە تىبەتنى ھىمايە قىلىش جەمىيىتى » نىڭ ئەزالىرى، « بېلگىيە ئۇيغۇر جەمىيىتى » نىڭ ئەزالىرى ۋە دېموكراتىك خىتاي تەشكىلاتلىرىنىڭ ۋەكىللىرى ئىشتىراك قىلدى. نامايىش جەريانىدا بېلگىيەدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئاي - يۇلتۇزلۇق كۆك بايرىقىنى ۋە خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان زۇلۇملىرى ئەيپلەنگەن لوزۇنكىلارنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتىگە بولغان غەزەپ - نەپرىتىنى ئىزھار قىلىشتى. بېلگىيەدە ئۆتكۈزۈلگەن بۇقېتىمقى نارازىلىق نامايىشىغا، « شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى رەھبەرلىرىنىڭ ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن 60 تىن ئارتۇق ئۇيغۇر قاتناشتى. « بېلگىيە ئۇيغۇر جەمئىيىتى » نىڭ مەسئۇللىرى نامايىش جەريانىدا چەتئەل مۇخبىرلىرىغا شەرقىي تۈركىستان ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتى ھەققىدە مەلۇمات بەردى.

## ئۈرۈمچىدە 5 نەپەر ئۇيغۇر ياش شېھىت قىلىندى

شاڭگاڭدا نەشىر قىلىنىۋاتقان « شىڭداۋ گېزىتى » نىڭ بۇيىل 6 - ئاينىڭ 19 - كۈنىدىكى سانىدا ئېلان قىلىنغان بىر خەۋەرنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسلانغاندا، خىتاي سوت مەھكىمىلىرى ئۈرۈمچىدە شەۋكەت، مەمەت تۇرسۇن، قادىر، ئەسقەر، زۇنۇن قاتارلىق 5 نەپەر ئۇيغۇر ياشنى « دۆۋلەتنى پارچىلاش، قانۇنسىز ھالدا قورال - ياراق ۋە ئوق - دورا توشۇش، قەستەن ئادەم ئۆلتۈرۈش جىنايىتى ئۆتكۈزگەن » دېگەن تۆھمەت بىلەن ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىپ شېھىت قىلغان.

خىتاي سوتلىرىنىڭ ھۆكۈمنامىسىدا، « بۇ گۇرۇھنىڭ باشلىقى شەۋكەت بولۇپ، مەمەت تۇرسۇن، قادىر، ئەسقەر ۋە زۇنۇنلار باشقا جايدا ھەربىي تەلىم - تەربىيە كۆرۈپ شىنجاڭغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، بىر يۈرۈش زوراۋانلىق، تېرورىستىك ھەرىكەتلەرنى پىلانلىغان ھەمدە قانۇنسىز ھالدا 18 دانە پارتلىتىش بۇيۇمى ۋە بەزى چەكلەنگەن خىمىيىلىك پارتلىتىش بۇيۇملىرىنى ساقلىغان، ئۇلار قولغا ئېلىنىشتىن بۇرۇن، ئۈرۈمچى ساقچى ئىدارىسىنىڭ خادىمى مۇرات روستەمنى ئېتىپ ئۆلتۈرگەن » دەپ ئەيىپلەنگەن.



## ئامېرىكا ئاۋام پالاتاسى رابىيە قادىر مەسىلىسى ھەققىدە قارار چىقاردى

ئۆز خەۋىرىمىز: بۇيىل 6 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ئامېرىكا ئاۋام پالاتاسى خەلقئارا مۇناسىۋەتلەر كومىتېتى، خىتاي ھۆكۈمىتىدىن مەشھۇر ئۇيغۇر كارخانىچى رابىيە قادىرنى قويۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىش ھەققىدە 81 - نومۇرلۇق ئورتاق قارار چىقاردى. (داۋام 6 بەتتە)

« شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى » نەشىر قىلدى

# قۇرۇلتاي رەئىسى ئەنۋەرجان دالاي لامانىڭ تۇغۇلغان كۈنى مۇراسىمغا قاتناشتى

ئۆز مۇخبىرىمىز خەۋىرى: بۇيىل 7 - ئاينىڭ 9 - كۈنى، « شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى » نىڭ رەئىسى ئەنۋەرجان باشچىلىقىدىكى بىر ھەيئەت تىبەتلىكلەرنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن گېرمانىيەدىن ئالاھىدە شۋېتسارىيەنىڭ زۈرىخ شەھرىگە بېرىپ، تىبەتلىكلەرنىڭ دىنىي ۋە سىياسىي داھىيسى دالاي لامانىڭ 65 ياشقا كىرگەنلىكى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن تۇغۇلغان كۈنىنى خاتىرىلەش مۇراسىمغا قاتناشتى.

شۋېتسارىيەدىكى تىبەت تەشكىلاتلىرىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن بۇقېتىمقى خاتىرىلەش مۇراسىمغا، شۋېتسارىيە پارلامېنتىنىڭ ئەزالىرى، تىبەت سەرگەردان ھۆكۈمىتىنىڭ پارلامېنت ئەزالىرى، دالاي لامانىڭ شۋېتسارىيە ۋە فىرانسىيەدىكى پەۋقۇلاددە ۋەكىللىرى، ياۋروپا ئەللىرىدىكى تىبەتنى ھىمايە قىلىش جەمىيەتلىرىنىڭ رەھبەرلىرى ۋە شۋېتسارىيەدىكى تىبەتلىكلەرنىڭ ۋەكىللىرىدىن بولۇپ 500 گە يېقىن كىشى قاتناشتى.

تەرىپىدىن قاتتىق ئېزىلىۋاتقانلىقى ۋە خارلىنىۋاتقانلىقىنى، بۇ خەلقلەرنىڭ رەھىمسىزلەرچە قىرغىنچىلىققا ئۇچراۋاتقانلىقىنى، خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ بۇ مىللەتلەرنى ئاتسىمىلاتسىيە قىلىپ يوقۇتۇش ئۈچۈن پۈتۈن كۈچى بىلەن تىرىشىۋاتقانلىقىنى ئەمىلى پاكىتلار ئارقىلىق بايان قىلدى.

رەئىس ئەنۋەرجان سۆزىنىڭ ئاخىرىدا، تەقدىرداش بولغان شەرقىي تۈركىستان ۋە تىبەت خەلقلىرىنىڭ چەتئەللەردىكى رەھبەرلىرى ئوتتۇرىسىدا ئۇزۇن يىللاردىن بېرى ئۆزئارا ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنىڭ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش بىلەن بىرگە، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنمۇ بۇخىل ھەمكارلىقنى ئىزچىل ھالدا داۋاملاشتۇرۇشنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقىنى ئىزھار قىلدى ۋە ھەر بارغان يېرىدە تىبەت داۋاسىغا قوشۇپ شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنىمۇ ئوتتۇرىغا قويۇپ كېلىۋاتقان دالاي لاما ھەزرەتلىرىگە خەلقىمىز نامىدىن ئالاھىدە رەخمەت



تەبرىكلەش مۇراسىمىدا، مىللىي قۇرۇلتىيىمىزنىڭ رەئىسى ئەنۋەرجان تەكلىپكە بىنائەن سۆز قىلىپ، بارلىق ئۇيغۇر خەلقىغە ۋاكالىتەن دالاي لاما ھەزرەتلىرىنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى مۇبارەكلەيدىغانلىقىنى ئىزھار قىلدى. ئەنۋەرجان ئۆز سۆزىدە، شەرقىي تۈركىستان خەلقى بىلەن تىبەت خەلقى ئوتتۇرىسىدىكى تارىخىي دوستلۇق ۋە ئالاقىلەر ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتكەندىن كېيىن، نۆۋەتتە تەقدىرلىرى ئوخشاش بولغان ئۇيغۇر ۋە تىبەت خەلقلىرىنىڭ ئۆز يۇرتلىرىدا كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتى

ئېيتتى. قۇرۇلتاي رەئىسى ئەنۋەرجاننىڭ بۇقېتىمقى مۇراسىمدا قىلغان سۆزلىرى، يىغىن ئەھلىنىڭ ئالاھىدە ئالقىشىغا مۇيەسسەر بولدى، زالدىكىلەر بىرقانچە قېتىم ئەنۋەرجاننىڭ سۆزىنى كېسىپ، چاۋاك چېلىپ قىزغىن ئالقىش ياڭراتتى ۋە تىبەتلىكلەرنىڭ ھەرزامان ئۆزلىرى بىلەن تەقدىرداش بولغان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ يېنىدىن يەر ئالىدىغانلىقلىرىنى ئىپادىلەشتى.

رەئىس ئەنۋەرجاننىڭ نۇتقىدىن كېيىن، ئۇيغۇر سەنئەت گۇرۇپپىسى سەھنىگە چىقىپ، يىغىن ئەھلىگە ئۇيغۇرچە ئۇسۇل ئويناپ بەردى.

ئۇيغۇرلارنىڭ يېقىملىق مۇزىكىسى ۋە نەپىس ئۇسۇلى يىغىن ئەھلىنى ئالاھىدە مەمنۇن قىلدى.

يىلى بىر قېتىم دالاي لامانىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى تەبرىكلەپ چوڭ مۇراسىم ئۆتكۈزىدۇ. چەتئەللەردە



سىزلەرگە مەلۇم بولسا كېرەك، نۆۋەتتە شۋېتسارىيەدە 2 مىڭدىن ئارتۇق تىبەتلىك ياشىماقتا. شۋېتسارىيە ھىندىستاننىڭ دارىمسالا رايونىنى ھىساپقا ئالمىغاندا چەتئەلدە تىبەتلىكلەر ئەڭ كۆپ ياشاۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ بىرى. تىبەت داۋاسىنىڭ غەرىپ ئەللىرىدە تەرەققى قىلىشىدا شۋېتسارىيەدىكى تىبەتلىكلەر پەۋقۇلاددە موھىم رول ئوينىغان. شۋېتسارىيەدىكى تىبەتلىكلەرنىڭ ئۆزئالدىغا مەكتەپ ۋە جەمىيەتلىرى بار بولۇپ، ئۇلار ھەر

تىبەت داۋاسىنى قىلىۋاتقان ئاساسلىق ئىقتىساس خادىملىرىنىڭ كۆپ قىسمى شۋېتسارىيەدە ياشىماقتا. سۈرگۈندىكى تىبەت ھۆكۈمىتى تىبەت داۋاسىنى خىتايغا تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان غەرىپ ئەللىرىگە يۈزلەندۈرۈش ئۈچۈن، 80 - يىللاردىن ئېتىبارەن ھىندىستاننىڭ دارىمسالا رايونىدىن بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئاساسلىق كومىتېتلىرى جايلاشقان شۋېتسارىيەگە يۆتكەپ كەلگەن ئىدى.

## ۋەتەنداشلار دىققىتىگە:

مۇشتىرلىرىمىزغا مەلۇم بولغايكى، گېزىتىمىز قوش ھەپتىلىك سىياسىي - ئىلمىي گېزىت بولۇپ، تەھرىر بۆلۈمىمىز ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدىكى مىللىي مۇجادىلىمىزغا مۇناسىۋەتلىك تۈرلۈك شەكىل ۋە ھەجىمدىكى خەۋەر - ئۇچۇر ۋە ماقالىلارنى، شۇنداقلا شەرقىي تۈركىستاننىڭ سىياسى، ئىقتىسادى، دىنىي، تارىخىي، مەدەنى - مائارىپ ۋە باشقا ھەممە ساھەلىرىگە مۇناسىۋەتلىك ئىلمى ماقالە ۋە مۇلاھىزە خارەكتىرلىك ئەسەرلەرنى، تۈرلۈك ژانىرلاردىكى ئەدەبى ئەسەرلەرنى قوبۇل قىلىدۇ، ھەجمى جەھەتتە « ئىستىقلال » گېزىتىگە مۇۋاپىق كەلمىگەن چوڭ تىپتىكى ئەسەرلەر « بىرلىك » ژورنىلىدا ئېلان قىلىنىدۇ ۋە ھەتتا كىتاپ شەكلىنى ئالغان رومان، تارىخىي ئەسلىمە، قىسسە، شېئىرلار توپلىمى ۋە باشقا شەكىلدىكى تەتقىقات ئەسەرلىرى مىللىي قۇرۇلتاي مەركىزى ئورگىنى تەرىپىدىن كىتاپ شەكلىدە نەشر قىلىپ تارقىتىلىدۇ، بۇندىكى مەقسىدىمىز، ئوتتۇرا ئاسىيا تۈرك جۇمھۇرىيەتلىرىنى ئاساس قىلغان دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئىستىقامەت قىلىۋاتقان يازغۇچى - شائىر، ئەدىپ، تەتقىقاتچى ۋە پايلاسوپلىرىمىزغا نەشر قىلىش ۋە تارقىتىش جەھەتتە قولايلىق شارائىت يارىتىپ بېرىشتىن ئىبارەت، بۇمۇ مىللىي قۇرۇلتىيىمىزنىڭ نىزامنامىسىدا كۆرسىتىلگەن خىزمەت پۇروگراممىلىرىمىزنىڭ بىرىدىن ئىبارەت، شۇڭا ھەرقايسى ئەللەردىكى قەلەمكەشلىرىمىزنى ۋە ئوقۇمۇشلۇق زاتلىرىمىزنى پوچتا ۋە تۈرلۈك يوللار ئارقىلىق بىز بىلەن بىۋاستە ئالاقىلىشىشنى ۋە بىزنى نادىر ئەسەرلەر بىلەن تەمىنلەپ تۇرۇشنى ئۈمۈت قىلىمىز. كېلىڭلار، قولنى قولغا بېرىپ، مۇقەددەس قەلەم كۈرىشى ئۈچۈن بىرلىكتە ئاتلىنايلى!

سىزلەرگە چەكسىز ھۆرمەت ۋە ئېھتىرام بىلەن:

« ئىستىقلال » گېزىتى ۋە « بىرلىك » ژورنىلى تەھرىر بۆلۈمى

# گېرمانىيەدىكى ئۇيغۇرلار بېرلىندا خىتايغا قارشى نارازىلىق نامايىشى ئۆتكۈزدى




( بېشى 1 - بەتتە )

بۈگۈنكى نامايىش، ئۇيغۇرلارنىڭ گېرمانىيەنىڭ يېڭى پايتەختى بېرلىن شەھىرىدە خىتاي ھۆكۈمىتىگە قارشى ئۆتكۈزگەن 4 - قېتىملىق نامايىشى بولۇپ، بۈگۈنكى نامايىشقا گېرمانىيە مەتبۇئاتلىرى ۋە تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرى ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى. نامايىش جەريانىدا گېرمانىيەنىڭ ئەڭ نوپۇزلۇق سىياسىي گېزىتلىرىنىڭ بىرى بولغان « جەنۇبىي گېرمانىيە گېزىتى » ۋە دۆلەتلىك « ZDF » تېلېۋىزىيە قانىلىنىڭ مۇخبىرلىرى نەق مەيداندا قۇرۇلتاي رەئىسى ئەنۋەرجاننى زىيارەت قىلىپ، بۈگۈنكى نامايىشنىڭ مەقسىدى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ نۆۋەتتىكى سىياسىي ۋەزىيىتى ھەققىدە ئەتراپلىق مەلۇمات ئالدى.

بۈگۈنكى نامايىشنىڭ ئاساسلىق سالمىقىنى تەشكىل قىلغان ئۇيغۇرلار، گەرچە كېچىچە ئۇخلىماي 600 نەچچە كىلومېتىر يول يۈرۈپ بېرلىنغا يېتىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما ھېرىش - چارچاشقا قارىماي، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئاي - يۇلتۇزلۇق كۆك بايرىقىنى ۋە كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان زۇلۇملىرى ئەكسى ئەتتۈرۈلگەن لوزۇنكا ۋە رەسىملىك تاختىلارنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، كۆتۈرەڭگۈ روھ بىلەن خىتايغا قارشى جاراڭلىق شوئار تۇۋلاپ، خىتاي ئەلچىخانىسىنىڭ ئالدىنى زىل - زىلىگە سالدى. پۈتۈن نامايىش جەريانىدا، ئۇيغۇرلارنىڭ رىياسەتچىلىكىدە گېرمانچە، خىتايچە ۋە ئۇيغۇرچە تىللاردا مىكروفون بىلەن « شەرقىي تۈركىستان، تىبەت ۋە ئىچكى موڭغۇلىستانغا ئازادلىق! »، « خىتايلار شەرقىي تۈركىستان، تىبەت ۋە ئىچكى موڭغۇلىستاندىن چىقىپ كەتسۇن! »، « ياشىسۇن ئەركىنلىك! ياشىسۇن ئىنسان ھەقلىرى! »، « شېھىتلىرىمىزنىڭ قىساسىنى چوقۇم ئالىمىز! »، « مۇستەقىللىقىمىزنى قولىمىزغا ئالمىغىچە كۈرىشىمىزنى توختاتمايمىز! » ... دېگەن مەزمۇنلاردا شوئارلار تۇۋلاندى، نامايىش سەپىدىكى تىبەتلىك، ئىچكى موڭغۇلىستانلىق ۋە تۈركىيەلىك دوستلارمۇ ئۇيغۇر نامايىشچىلارنىڭ بۇ شوئارىغا جانلىق ھالدا ئەگەشتى.

« دۇنيا خەتەر ئاستىدىكى مىللەتلەرنى قوغداش تەشكىلاتى » خىتاي ئىشلىرى بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ئۇلرىخ دېلىيۇس ئەپەندى ۋە مىللىي قۇرۇلتاي رەئىسى ئەنۋەرجانلار نامايىش جەريانىدا چەتئەل مۇخبىرلىرىغا قىلغان سۆزىدە، نۆۋەتتە خىتاينىڭ كونتروللۇقى ئاستىدىكى شەرقىي تۈركىستان، تىبەت ۋە ئىچكى موڭغۇلىستان قاتارلىق مىللىي رايونلاردا يەرلىك خەلقنىڭ ئىنسانىي ھەق - ھوقۇقلىرىنىڭ دەپسەندە قىلىنىش ئەھۋاللىرىنىڭ كۈندىن - كۈنگە ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى، بولۇپمۇ شەرقىي تۈركىستان رايونىدا خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ تۈرلۈك سىياسىي بوھتانلار بىلەن ئۇيغۇرلارنى كوللېكتىپ تۇتقۇن قىلىپ تۈرمىلەرگە تاشلاۋاتقانلىقىنى، تۈرمىلەردە ئۇيغۇر سىياسىي مەھبۇسلارنى ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ۋەھشىي ئۇسۇللار بىلەن قاتتىق قىيىن - قىستاقلارغا دۇچار قىلىۋاتقانلىقىنى ۋە ئۆلتۈرۈۋاتقانلىقىنى، ئەپسۇسكى، خىتايدىن ئىقتىسادىي جەھەتتە نەپ ئېلىشقا قىزىقىپ كېتىۋاتقان بەزى غەرب ئەللىرىنىڭ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىنسانىي ھەق - ھوقۇقلىرىنىڭ دەپسەندە قىلىنىشىغا كۆز يۇمۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى بايان قىلىشتى ۋە گېرمانىيە مەتبۇئاتلىرى ئارقىلىق گېرمان ھۆكۈمىتىنى ۋە بارلىق غەرب ئەللىرىنى ئىنسان ھەقلىرى مەسىلىسىدە كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتىگە تېخىمۇ كۈچلۈك ئىنكاس قايتۇرۇشقا چاقىردى. نامايىش جەريانىدا يەنە ئەتراپتىكى ئاممىغا، كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىنسان ھەقلىرى تاجاۋۇزچىلىق قىلمىشلىرى پاش قىلىنغان ۋە ئۇيغۇرلار تونۇشتۇرۇلغان تەشۋىقات ۋاراقلىرى تارقىتىلدى. بۈگۈنكى نامايىشنىڭ تەرتىپىنى قوغداۋاتقان گېرمان ساقچىلىرىنىڭ تەستىقى بىلەن، نامايىشنىڭ ۋاقتى ئەسلىدە بەلگىلەنگەن ۋاقىتتىن يەنە 12 مىنۇت ئۇزارتىلدى. گەرچە بەزى خىتاي دىپلوماتلار ئەلچىخانىدىن چىقىپ بۇ ھەقتە گېرمان ساقچىلىرىغا نارازىلىق بىلدۈرگەن بولسىمۇ، ئەمما ساقچىلار ئۇلارنىڭ ئېتىرازىغا پىسەنت قىلماي، نامايىشنىڭ ۋاقتىنى ئۇزارتتى. بۇ پەيتتە ئۇيغۇر نامايىشچىلار ئەلچىخانىدىن سىرتقا چىققان خىتاي دىپلوماتقا قوللىرىنى شىلتىپ خىتايغا قارشى جاراڭلىق ھالدا شوئار تۇۋلاپ، كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتىگە بولغان غەزەپ - نەپرىتىنى نامايەن قىلىشتى. نامايىش جەريانىدا بەزى ئۇيغۇر نامايىشچىلار خىتاينىڭ دۆلەت بايرىقىنى كۆيدۈرۈشكە تەمشەلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ بۇ ھەرىكىتى گېرمان ساقچىلىرى تەرىپىدىن توسۇپ قېلىندى، شۇنداقتىمۇ يەنە بەزى نامايىشچىلىرىمىز خىتاينىڭ بايرىقىنى ئايىغى بىلەن دەسسەپ چەيلەپ، شەرقىي تۈركىستان خەلقىغە پۈتمەس - تۈگىمەس بالايى - ئاپەتلەرنى ئېلىپ كەلگەن كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتىگە بولغان نەپرەت تۇيغۇسىنى ئىزھار قىلدى. ناھايىتى رەڭدار ۋە جانلىق كەيپىياتتا ئۆتكەن بۈگۈنكى نامايىشتا بەزى ئۇيغۇرلار كىچىك تۆمۈر قەپەزلەرنى ياساپ كېلىپ، باشلىرىنى تۆمۈر قەپەزگە سولاپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى خىتاي تۈرمىلىرىدە ئازاپ - ئوقۇبەت ئىچىدە جان تالىشىۋاتقان



قىرىنداشلىرىنىڭ ئوبرازىنى گەۋدىلەندۈرگەن ئىدى، ئۇلارنىڭ بۇ ھەرىكىتى نەق مەيداندىكى چەتئەل مۇخبىرلىرىنىڭ ۋە ئەتراپتا نامايىشنى كۆزىتىپ تۇرغان گېرمان خەلقىنىڭ ئالاھىدە دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىدى. بۇ كۆرۈنۈشلەر ھەتتا « جەنۇبى گېرمانىيە گېزىتى » دە ۋە گېرمانىيە « ZDF » تېلېۋىزىيە قانالىنىڭ بۇقېتىمقى نامايىش ھەققىدە بەرگەن خەۋەرلىرىدىمۇ ئېنىق يەر ئالدى.

خىتاينىڭ باش مىنىستىرى جۇرۇڭجى گېرمانىيەنى زىيارەت قىلىۋاتقان مەزگىلدە، « شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى » نىڭ رەئىسى ئەنۋەرجان قۇرۇلتاي نامىدىن گېرمانىيەنىڭ باش مىنىستىرى شىرۆدەرگە مەكتۇپ يوللاپ، ئۇنىڭغا كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىنسان ھەقلىرى تاجاۋۇزچىلىق قىلمىشلىرى ھەققىدە مەلۇمات بېرىش بىلەن بىرگە خىتاينىڭ باش مىنىستىرى جۇرۇڭجىغىمۇ نارازىلىق مەكتۇبى يوللاپ، خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان زۇلۇم ۋە بېسىم سىياسىتىنى قاتتىق ئەيىبلىدى.

رەئىس ئەنۋەرجاننىڭ گېرمنىيەنىڭ باش مىنىستىرىغا يوللىغان مەكتۇبىدا، دۇنيادا تېنچلىق ۋە مۇقىملىقنىڭ ئىنسانلارنىڭ پاراۋانلىق ۋە رازىمەنلىك ئىچىدە ياشىشىغا باغلىق ئىكەنلىكى، ئەمما كېيىنكى بىرقانچە يىلدىن بۇيان خىتاينىڭ مۇستەملىكىسى ئاستىدىكى مىللى رايونلاردا، جۈملىدىن شەرقىي تۈركىستاندا كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ چېكىدىن ئاشقان زۇلۇم ۋە بېسىم سىياسىتىگە، شۇنداقلا يەرلىك خەلقنى ئاتسىملاتسىيە قىلىپ يوقۇتۇش ۋە قىرغىن قىلىش قىلمىشلىرىغا قارىتا نارازىلىق ۋە قارشىلىقلارنىڭ كۈندىن - كۈنگە كۈچىيىپ بېرىۋاتقانلىقى بايان قىلىندى ۋە شەرقىي تۈركىستاننىڭ نۆۋەتتىكى سىياسى ۋەزىيىتى ھەققىدە تەپسىلى مەلۇمات بېرىلدى.

ئەنۋەرجان مەكتۇبىنىڭ ئاخىرىدا گېرمانىيە باش مىنىستىرىدىن، خىتاينىڭ باش مىنىستىرى جۇرۇڭجى بىلەن ئۇچراشقاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىنسان ھەقلىرىنىڭ دەپسەندە قىلىنىۋاتقانلىقىنى ئىنسان ھەقلىرى نۇقتىسىدا تۇرۇپ ئوتتۇرىغا قويۇشنى نەزەردىن ساقىت قىلىۋەتمەسلىكنى، شەرقىي تۈركىستاننىڭ، شۇنداقلا دۇنيانىڭ تېنچ ۋە مۇقىملىقىغا ھەسسە قوشۇش ئۈچۈن، ئۇيغۇر خەلقىغە قاراتقان قىرغىنچىلىق ھەرىكىتىنى توختىتىشنى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن دىيالوگ قۇرۇشنى، ئۇيغۇر سىياسى تۇتقۇنلارنى دەرھال قويۇپ بېرىشنى ۋە بىگۇناھ ئۇيغۇرلارنى تۇتقۇن ھەم ئۆلتۈرۈشنى توختىتىشنى جۇرۇڭجىدىن تەلەپ قىلىشنى ئىلتىماس قىلدى.




رەئىس ئەنۋەرجاننىڭ خىتاينىڭ گېرمانىيەدىكى باش ئەلچىخانىسى ئارقىلىق جۇرۇڭجىغا يوللىغان نارازىلىق مەكتۇبىدا، كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىغە سېلىۋاتقان تۈرلۈك زۇلۇملىرىنىڭ بارغانسىرى كۈچىيىپ كېتىۋاتقانلىقى، كۆپلىگەن بىگۇناھ ياشلارنىڭ ئېتىپ ئۆلتۈرۈلۈۋاتقانلىقى، سىياسى تۇتقۇنلارنىڭ تۈرمىلەردە ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ۋەھشى ئۇسۇللار بىلەن قاتتىق قىيىن - قىستاقچا ئېلىنىۋاتقانلىقى، گەرچە شەرقىي تۈركىستاننىڭ پۈتۈن يەر ئاستى ۋە يەر ئۈستى بايلىقلىرى خىتاينىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىگە توشۇلۇپ كېتىلىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ كەمبەغەللىك ۋە ئاچ - يالىڭاچلىق ئىچىدە ياشاۋاتقانلىقى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچىدە ئىشسىزلارنىڭ سانىنىڭ شىددەت بىلەن كۆپىيىپ كېتىۋاتقانلىقى، شەرقىي تۈركىستاندىكى خىتاي كۆچمەنلىرىنىڭ سانىنىڭ يىلدىن - يىلغا كۆپىيىپ كېتىۋاتقانلىقى بايان قىلىندى ۋە خىتاي ھاكىمىيىتىدىن، بۇخىل زۇلۇمغا قارشى نارازىلىق ۋە ئېتىرازلىرىنى بىلدۈرگەن بىگۇناھ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان قاتتىققوللۇق سىياسىتىنى توختىتىش تەلەپ قىلىندى.

نارازىلىق مەكتۇبىدا يەنە، زومىگەرلىك ۋە زوراۋانلىق بىلەن مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ مۇمكىن، ئەمەسلىكى، ئەكسىچە خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ مەسىلىنى تېنچلىق يولى بىلەن ھەل قىلىش ئىمكانلىرىنى ئىزدەش ئۈچۈن، خەلقىمىزنىڭ ۋەتەن ئىچىدىكى ھەقىقى ۋەكىللىرى بىلەن دىيالوگ قۇرۇپ، رەسمى يوسۇندا مۇزاكىرە باشلىشى كېرەكلىكى تەلەپ قىلىندى.

رەئىس ئەنۋەرجان مەكتۇبىنىڭ ئاخىرىدا، ئۇيغۇرلارنىڭ بۈگۈنكىدەك ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىشىغا ۋە ئۇلارنىڭ خىتاي ھاكىمىيىتىگە قارشى قوزغىلىپ چىقىشىغا سەۋەپچى بولىۋاتقىنى قانداقتۇر خىتاي رەھبەرلىرىنىڭ بايان قىلغىنىدەك « چەتئەل كۈچلىرى » بولماستىن، بەلكى خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ 50 يىلدىن بۇيان ئۇيغۇر خەلقىغە قاراتقان قاتتىق باستۇرۇش ۋە كوللېكتىپ قىرغىن قىلىش سىياسىتىنىڭ سەۋەپچى بولغانلىقىنى ئەسكەرتىپ ئۆتتى ۋە خىتاينىڭ باش مىنىستىرى جۇرۇڭجىنى، بۇنىڭدىن كېيىن بۇخىل باھانىلەرنى تاشلاپ، باشقا مەملىكەتلەرنى ئەيىبلەشتىن ۋاز كېچىپ، ھەقىقەتنى كۆرۈپ يېتىشكە، بىگۇناھ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ساداسىغا قۇلاق سېلىشقا ۋە پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي، تېز ۋاقىت ئىچىدە ئۇيغۇر خەلقى بىلەن يارىشىشنىڭ ئىمكانلىرىنى ئىزدەشكە چاقىردى.

گېرمانىيەنىڭ ئەڭ كۆپ تىرازلىق گېزىتلىرىدىن « جەنۇبى گېرمانىيە گېزىتى » نىڭ 7 - ئاينىڭ 1 - كۈندىكى سانىدا خىتاينىڭ باش مىنىستىرى جۇرۇڭجىنىڭ گېرمانىيەگە زىيارەتكە كېلىشىگە مۇناسىۋەتلىك ئېلان قىلىنغان چوڭ ھەجىملىك بىر سىياسى مۇلاھىزىدە، جۇرۇڭجى گېرمانىيەگە كېلىشتىن بۇرۇن، گېرمانىيەدىكى ھەرقايسى ئىنسان ھەقلىرى تەشكىلاتلىرى ۋە خىتايغا قارشى تەشكىلاتلارنىڭ بەس - بەستە گېرمانىيە باش مىنىستىرىگە مەكتۇپ يوللاپ، ئۇنىڭدىن خىتاينىڭ باش مىنىستىرى بىلەن ئۇچراشقاندا ئىنسان ھەقلىرى مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇشنى تەلەپ قىلغانلىقى ۋە خىتاينىڭ بېرلىندىكى باش ئەلچىخانىسىنىڭ ئالدىدا خىتايغا قارشى نارازىلىق نامايىشى ئۆتكۈزۈلگەنلىكى، گېرمانىيە ۋە خىتاينىڭ باش مىنىستىرلىرى ئۆز ئارا ئۇچراشقاندا، ئىنسان ھەقلىرى مەسىلىسى ئوختۇلۇق ھالدا ئوتتۇرىغا قويۇلغانلىقى بايان قىلىندى.

بېرلىندە ئۇيغۇرلارنىڭ خىتايغا قارشى نارازىلىق نامايىشى ئۆتكۈزگەنلىكى ھەققىدىكى خەۋەر، گېرمانىيەنىڭ ئاساسلىق تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرىنىڭ ھەممىسىدە دىگۈدەك تەپسىلى خەۋەر قىلىندى.

يەنە بىرجەھەتتىن، گېرمانىيە ھۆكۈمىتىنىڭ خىتاينىڭ باش مىنىستىرى جۇرۇڭجى گېرمانىيىگە زىيارەتكە كېلىشتىن بۇرۇن ئېلان قىلغان ئىنسان ھەقلىرى دوكلاتىدا، ئىنسان ھەقلىرىنىڭ قاتتىق دەپسەندە قىلىنىۋاتقانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن خىتاي ھۆكۈمىتى قاتتىق ئەيىبلەنگەن ئىدى. جۇرۇڭجىنىڭ زىيارىتىدىن كېيىن، خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ باياناتچىسى جۇباڭزاۋ بېيجىڭدا ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى چاقىرىپ، گېرمانىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئىنسان ھەقلىرى دوكلاتىدا خىتايدىكى ئىنسان ھەقلىرىنىڭ دەپسەندە قىلىنىش ئەھۋاللىرى ھەققىدە يەر ئالغان پاكىتلارنى يالغانلىدى ۋە گېرمانىيە ھۆكۈمىتىنى « ئىچكى ئىشلىرىمىزغا ئارىلاشتى » دەپ ئەيىبلەپ كۆكەملىك قىلدى.



# قۇرۇلتاي رەھبەرلىرى بىلگىيەدىكى ئۇيغۇرلارنى يوقلىدى





ئۆز مۇخبىرىمىز خەۋىرى: بۇيىل 7 - ئاينىڭ 8 - كۈنى مەركىزى ئورگىنى گېرمانىيەنىڭ ميۇنخېن شەھىرىدىكى شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى نىڭ باش كاتىبى ئەسقەرجان باشچىلىقىدىكى بىر ھەيئەت بىلگىيەنىڭ پايتەختى بۇرۇكسەل شەھىرىگە بېرىپ، بىلگىيەدە سىياسىي پاناھلىق تىلەپ تۇرىۋاتقان ئۇيغۇرلاردىن سەممىي ھال سورىدى ۋە بىلگىيە ئۇيغۇر جەمىيىتى نىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، ياۋروپادا ئۇيغۇر داۋاسىنى يەنىمۇ كۈچلەندۈرۈشنىڭ كونكرېتنى تەدبىرلىرىنى مۇزاكىرە قىلدى.

قۇرۇلتاينىڭ باش كاتىبى ئەسقەرجان باشچىلىقىدىكى ھەيئەتتە، قۇرۇلتاي قارمىغىدىكى ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى نىڭ رەئىسى ئۇمىت ئاگاھى، قۇرۇلتاي تەشۋىقات باشقارمىسىنىڭ مەسئۇلى ۋە ئىستىقلال گېزىتىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى پەرھات مۇھەممەدى قاتارلىقلارمۇ بار ئىدى. شۇ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، گېرمانىيەدىن كەلگەن قۇرۇلتاي ۋەكىللىرىنىڭ تەكلىۋى بىلەن، بىلگىيە ئۇيغۇر جەمىيىتى نىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىدا مەخسۇس سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. سۆھبەت يىغىنىغا، مەزكۇر جەمىيەتنىڭ 60 تىن ئارتۇق ئەزاسىدىن سىرت يەنە، خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى ۋە بىلگىيە تىبەتنى ھىمايە قىلىش جەمىيىتى نىڭ مەسئۇللىرى، شۇنداقلا، ياۋروپا تۈرك فېدېراتسىيونى بىلگىيە شۆبىسى نىڭ مەسئۇللىرى تەكلىپ بىلەن ئىشتىراك قىلدى. سۆھبەت يىغىنىدا ئالدى بىلەن ئەسقەرجان، ئۇمىت ئاگاھى ۋە پەرھات مۇھەممەدىلەر سۆز قىلىپ، يىغىن ئەھلىگە شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى ۋە ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى نىڭ ياۋروپادا ئېلىپ بېرىۋاتقان سىياسىي پائالىيەتلىرى ھەققىدە مەلۇمات بەردى ۋە بىلگىيەدە سىياسىي پاناھلىق تىلەپ تۇرىۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتەن - مىللەت مەنپەئەتىنى ھەممىدىن ئەلا بىلىپ، بىلگىيەگە كەلگەن قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە بىلگىيە ئۇيغۇر جەمىيىتى نى قۇرۇپ چىققانلىقىغا يۇقىرى باھا بەردى. قۇرۇلتاينىڭ باش كاتىبى ئەسقەرجان يىغىندا قىلغان سۆزىدە، يېقىنقى يىللاردىن ياۋروپا ئەللىرىگە كېلىپ سىياسىي پاناھلىق تىلەۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ سانىنىڭ كۈندىن - كۈنگە كۆپىيىپ بېرىۋاتقانلىقىنى، بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ غەرىپ ئەللىرىنىڭ راھەت - باياغەتلىك تۇرمۇشىغا تەممەي، نۇر يورىدا ئېزىلىۋاتقان خەلقىنىڭ ئېچىنىشلىق ساداسىنى دۇنيا جامائەتچىلىككە ئاڭلىتىش ئۈچۈن قولىدىن كېلىشىچە غەيرەت قىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى نەتىجىسىدە كېيىنكى مەزگىللەردىن بۇيان ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي داۋاسىنىڭ ياۋروپا سىياسىي سەھنىلىرىنى كىشىنى سۆيۈندۈرىدىغان دەرىجىدە جانلىنىشقا باشلىغانلىقىنى، بولۇپمۇ شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيىنىڭ مەركىزى ئورگىنىنىڭ گېرمانىيەدە تەسىس قىلىنىشى بىلەن، تاشقى دۇنيادىكى مىللىي ھەرىكىتىمىزنىڭ تارىخىي بىر دەۋرگە قەدەم قويغانلىقىنى بايان قىلدى ۋە بىلگىيەدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنى مىللىي قۇرۇلتاينىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، بىرلىك ۋە باراۋەرلىك ئىچىدە مىللىي ھەرىكىتىمىزنى ياۋروپا ئەللىرىدە تېخىمۇ جانلاندۇرۇش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىشقا چاقىردى. سۆھبەت يىغىنىدا بىلگىيە ئۇيغۇر جەمىيىتى نىڭ مەسئۇللىرى ۋە ئەزالىرى بەس - بەستە يېكىر بايان قىلىشىپ، مىللىي قۇرۇلتاينىڭ بىلگىيەدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارغا ئىگە چىققانلىقىغا ۋە كۆڭۈل بۆلگەنلىكىگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشتى، شۇنداقلا مىللىي قۇرۇلتاينىڭ بىرتۇتاش رەھبەرلىكىگە بويسۇنۇپ، بىلگىيەدە ئۇيغۇر داۋاسىنىڭ ئاساسىنى تۇرغۇزۇش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىدىغانلىقلىرىنى ئىزھار قىلىشتى.

قۇرۇلتاي رەھبەرلىرى بىلگىيەدىكى زىيارىتى مەزگىلىدە، بىلگىيەدە يېڭى قۇرۇلۇپ ئەمدىلا پائالىيەتلىرىنى باشلىغان « بىلگىيە ئۇيغۇر جەمىيىتى » نىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرىنى، خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى بىلگىيە شۆبىسى، « بىلگىيە تىبەتنى ھىمايە قىلىش جەمىيىتى » نىڭ مەسئۇللىرى ۋە بىلگىيە سىياسىي پاناھلىق تىلىگۈچىلەرنى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ خادىملىرى بىلەن ئايرىم - ئايرىم ھالدا تونۇشتۇرۇپ، ئۇيغۇر جەمىيىتىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى سىياسىي پائالىيەتلىرى ئۈچۈن ئىجتىمائى ئاساس يارىتىپ بەردى.

7 - ئاينىڭ 9 - كۈنى، شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى نىڭ باش كاتىبى ئەسقەرجاننىڭ تەۋسىيەسى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن، بىلگىيە ئۇيغۇر جەمىيىتى نىڭ ئەزالىرى خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى بىلگىيە شۆبىسى ۋە بىلگىيە تىبەتنى ھىمايە قىلىش جەمىيىتى نىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرىغا، ئۇيغۇرلارغا ھېسداشلىق قىلىپ كېلىۋاتقان بەزى بىلگىيەلىك دوستلارغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ چاي زىياپىتى بەردى. خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى بىلگىيە شۆبىسى ختاي ئىشلىرى بۆلۈمىنىڭ مەسئۇلى Dominique Demes خانىمنىڭ باغچىسىدا ئۆتكۈزۈلگەن مىننەتدارلىق زىياپىتىگە، چەتئەللىك مېھمانلاردىن سىرت يەنە قۇرۇلتاي ۋەكىللىرى ۋە بىلگىيە ئۇيغۇر جەمىيىتى نىڭ ئەزالىرىدىن بولۇپ 50 تىن ئارتۇق ئۇيغۇر قاتناشتى. چاي سۆھبىتىدە چەتئەللىك دوستلارغا ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن ھازىرلانغان كاۋاپ، مانتا، پولو، سامسا... قاتارلىق ئۇيغۇر تائاملىرى تەقدىم قىلىندى، سۆھبەتكە قاتناشقان ئۇيغۇرلار يەنە چەتئەللىك دوستلارغا ئۇيغۇرچە ناخشا - ئۇسسۇل نومۇرلىرىنى ئورۇنداپ بېرىپ، چەتئەللىك دوستلارنى ئالاھىدە مەمنۇن قىلدى. بىلگىيەلىك دوستلار، ئۆزلىرىنىڭ تۇنجى قېتىم ئۇيغۇر تائاملىرىغا ئېغىز تېگىش ۋە ئۇيغۇرچە ئۇسسۇللارنى بىۋاستە كۆرۈش پۇرسىتىگە ئىگە بولغانلىقىنى، شۇنداقلا ئۆزلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارغا بولغان ھۆرمىتىنىڭ ۋە مۇھەببىتىنىڭ ھەسسىلەپ ئاشقانلىقىنى بايان قىلىشتى. مىللىي قۇرۇلتاي رەھبەرلىرىنىڭ بىلگىيەدىكى ئۇيغۇرلارغا كۆرسەتكەن بۇخىل غەمخورلۇقى ئۇلارنى ئالاھىدە تەسىرلەندۈردى.



# سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزنىڭ
# « ۋىدالىشىش ھەججى » دە سۆزلىگەن ۋەسىيەت سۆزى

مېھرىبان، شەپقەتلىك ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن

ئەي ئىنسالار!
سۆزۈمگە ياخشى قۇلاق سېلىڭلار! بىلمەيمەن، بەلكى بۇنىڭدىن كېيىن سىلەر بىلەن بۇ يەردە قايتا كۆرۈشەلمەسلىكىم مۇمكىن؛

ئەي ئىنسانلار!
بۇ ھەج كۈنلىرى، بۇ ھەج ئايلىرى ۋە بۇ مەككە شەھىرى قانداق مۇقەددەس بولسا، جانلىرىڭلار، ماللىرىڭلار ۋە ئار - نومۇسۇڭلار ئەنە شۇنداق مۇقەددەستۇر، ھەر تۈرلۈك دەخىل - تەرۇزدىن قوغدالغاندۇر.

ئەي ساھابىلىرىم!
سىلەر چوقۇم ئاللاھنىڭ ئالدىغا بارىسىلەر، ئۇ سىلەرنىڭ قىلغان ئىش - ھەركەتلىرىڭلاردىن ھېساپ ئالىدۇ. مەن ۋاپات بولغاندىن كېيىن، جاھىلىيەت دەۋرىدىكى بۇزۇقچىلىق ۋە خۇراپاتلىققا قەتئى قايتماڭلار ۋە بىر - بىرىڭلارنى قىرغىن قىلماڭلار! بۇ ۋەسىيىتىمنى ئاڭلىغانلار ئاڭلىمىغانلارغا يەتكۈزسۇن. شۇنداق قىلساڭلار بەلكى، بۇ يەردە ھازىر بولغانلار مېنىڭ سۆزۈمنى تېخىمۇ ياخشىراق چۈشەنگەن ۋە ئەمەل قىلىدىغان بىرسىگە يەتكۈزگەن بولۇشى مۇمكىن.

ئەي ساھابىلىرىم!
كىمدە بىر ئامانەت بولسا، ئۇنى دەرھال ئۆز ئىگىسىگە قايتۇرۇۋەتسۇن. شۇنى ئېنىق بىلىڭلاركى، جازانە ۋە ئۆسۈمنىڭ ھەر ھەرقانداق شەكلىدىكىسى بىكار قىلىندى، چۈنكى ئاللاھ شۇنداق قىلىشقا بۇيرىدى. بىرىنچى بىكار قىلىنغان جازانە ئابدۇلمۇتتەلىپنىڭ ئوغلى ( تاغام ) ئابباسنىڭ جازانىسىدۇر. لېكىن ئەسلى پۇلۇڭلار سىلەرگە قايتۇرۇلىدۇ. زۇلۇم قىلىشقا ۋە زۇلۇمغا ئۇچراشقا بولمايدۇ.

ئەي مېنىڭ ساھابىلىرىم!
دىققەت قىلىڭلار، جاھىلىيەتتىن قالغان پۈتۈن ئادەتلەر ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، ئۇ ئادەتلەرنىڭ ھەممىسى ئايىغىمنىڭ ئاستىدىدۇر. جاھىلىيەت دەۋرىدىكى قان داۋالىرى ھەم بىكار قىلىندى. مەن تۇنجى بىكار قىلغان قان داۋاسى ئابدۇلمۇتتەلىپنىڭ نەۋرىسى ئىياس ئىبنى رەبىئەنىڭ قان داۋاسىدۇر.

ئەي ئىنسانلار!
ھەقىقەتەن شەيتان بۇ تۇپراقتا ئۆزىگە ئىبادەت قىلىنىشتىن تامامەن ئۈمىدىنى ئۈزدى. بۇنىڭ سىرتىدا سىلەر پەقەت بەزىبىر كىچىك ئىشلىرىڭلاردا ئۇنىڭغا مۇۋاپىق كېلىپ قېلىشىڭلار مۇمكىن. بۇمۇ ئۇنى خوشاللاندۇرىدۇ. دىنىڭلارنى ساقلاش ئۈچۈن بۇلاردىن ھەم ئېھتىيات قىلىڭلار.

ئەي ئىنسانلار!
مەن سىلەرگە ئاياللارنىڭ ھەق - ھوقۇقلىرىغا دىققەت قىلىشىڭلارنى، بۇ خۇسۇستا ئاللاھنىڭ غەزىۋىدىن قورقۇشۇڭلارنى تەۋسىيە قىلىمەن. سىلەر ئاياللارنى ئاللاھنىڭ ئامانىتى دەپ، نىكاھلاپ ئالدىڭلار ۋە ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن ئۇلارنىڭ ئىپپەت - نومۇسىنى ئۆزەڭلارغا ھالال قىلدىڭلار. سىلەرنىڭ ئاياللارنىڭ ئۈستىدە ھەقلىرىڭلار، ئاياللارنىڭ سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردا ھەقلىرى بار، سىلەرنىڭ ئاياللارنىڭ ئۈستىدىكى ھەقلىرىڭلار: ئۇلارنىڭ ياتاق ئۆيلىرىڭلارغا ھېچكىمنى يولاتماسلىقى، سىلەر ياقتۇرمايدىغا كىشىلەرنى سىلەرنىڭ ئىزنىڭلارسىز ئۆيۈڭلارغا كىرگۈزمەسلىكى قاتارلىقلاردۇر. ئەگەر سىلەر كېلىشكە رۇخسەت بەرمىگەن بىرسىنى ئۆيۈڭلارغا كىرگۈزسە، ئاللاھ سىلەرگە ئۇلارنى ئۆيۈڭلاردا يالغۇز تاشلاپ قويۇشقا ۋە يەڭگىل ئەدەپلەپ قويۇشقا ئىزنى بەردى. ئاياللارنىڭ سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردىكى ھەقلىرى: ئۇلارنى نورمال شەكىلدە يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك بىلەن تەمىنلەشتۇر.

ئەي مۆمىنلەر!
مەن سىلەرگە ئىككى نەرسىنى ئامانەت قويدۇم، ئۇلارنى ياخشى ساقلاپ، شۇ بويىچە ماڭساڭلار توغرا يولدىن ھېچ ئازمايسىلەر. ئۇ ئامانەتلەر: ئاللاھنىڭ كىتاۋى قۇرئانى كېرىم ۋە مېنىڭ سۈننەتلىرىمدۇر.

ئەي مۆمىنلەر!
سۆزۈمنى ياخشى ئاڭلاڭلار ۋە ئەستە چىڭ ساقلاڭلار، مۇسۇلمان مۇسۇلماننىڭ قېرىندىشىدۇر، شۇنداق ئىكەن پۈتۈن مۇسۇلمانلار قېرىنداشتۇر. بىر مۇسۇلمانغا قېرىندىشىنىڭ قېنىنى تۆكۈش، مېلىنى ئېلىۋېلىش ھالال بولمايدۇ، ئەگەر قېرىندىشى بىر نەرسىسىنى كۆڭۈل خوشلۇقى بىلەن بەرسە، بۇنىڭ ھۆكمى باشقا.

ئەي ئىنسانلار!
جانابى ئاللاھ ھەر بىر ھەق ئىگىسىگە ئۆز ھەققىنى بەردى، ھەر ئىنساننىڭ مىراستىن ئالىدىغان ھەسسىسىنى ئايرىدى، مىراس قالدۇرىدىغان كىشىنىڭ ۋەسىيەت قىلىشىنىڭ كېرىكى يوق. بالا كىمنىڭ كۆرپىسىدە تۇغۇلسا، ئۇ بالا شۇ كىشىگە ئائىتتۇر، زىنا قىلغان كىشى ئۇ بالىدىن مەھرۇمدۇر. ئۆز نەسلىدىن باشقا بىر نەسىلنى دەۋا قىلغان ۋە ئۆز ئىگىسىدىن تانغان قۇلغا ئاللاھنىڭ، پەرىشتىلەرنىڭ ۋە پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ لەنىتى بولسۇن! جانابى ئاللاھ بۇ خىل ئىنسانلارنىڭ قىلغان تەۋبىلىرىنى، بەرگەن گۇۋاھلىقلىرىنى قوبۇل قىلمايدۇ.

ئەي ئىنسانلار!
رەببىڭلار بىر، ئاتاڭلار بىر، ھەممىڭلار ئادەمنىڭ باللىرى، ئادەم تۇپراقتىن يارىتىلغان . ئەرەپ مىللىتى باشقا مىللەتلەردىن، باشقا مىللەتلەر ئەرەپ مىللىتىدىن ئۈستۈن بولمىغاندەك، ئاق تەنلىكنىڭ قارا تەنلىكتىن، قارا تەنلىكنىڭ ئاق تەنلىكتىن ھېچبىر ئۈستۈنلۈكى يوق. ئۈستۈنلۈك پەقەت تەقۋالىق ـ ئاللاھتىن قورقۇش بىلەن بولىدۇ. ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ئەڭ ئەڭ قەدىرلىك ھېساپلىنىدىغىنىڭلار، ئاللاھتىن ئەڭ قورقىدىغىنىڭلاردۇر.
سىلەرگە ئەمىر ( قوماندان ) بولۇپ تەيىنلەنگەن كىشى مىسپ بولۇپ قالغان قۇل بولسىمۇ، سىلەرنى ئاللاھنىڭ كىتاۋى بويىچە باشقۇرسا، ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاڭلار ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىڭلار! بىركىم بىركىمنىڭ گۇناھى بىلەن جازالانمايدۇ، دادا بالىنىڭ، بالا دادىسىنىڭ گۇناھى بىلەن گۇناھكار ھېساپلانمايدۇ.
دىققەت قىلىڭلار! مانا بۇ تۆت ئىشنى قەتئى قىلماڭلار: ئاللاھقا ھېچقانداق نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەڭلار! ئاللاھ ئۆلتۈرۈشنى ۋە تاجاۋۇز قىلىشنى ھارام قىلغان جاننى ناھەق ئۆلتۈرمەڭلار! زىنا قىلماڭلار! ئوغۇرلۇق قىلماڭلار!
مەن ئىنسانلار « لائىلاھە ئىللەللاھ ( بىر ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق ) » دېگەنگە قەدەر جىھاد قىلىشقا بۇيرۇلدۇم، ئۇلار بۇنى دېگەن ھامان جانلىرىنى، پۇل - ماللىرىنى ساقلاپ قالالايدۇ، ھېساۋىنى ئاللاھ ئالىدۇ.

ئەي ئىنسانلار!
ئەتە مەن توغرۇلۇق سورالسا، نېمە دەپ جاۋاپ بېرىسىلەر؟
( پەيغەمبىرىمىز بۇ سوئالنى قويغاندا ) ساھابىلەرنىڭ ھەممىسى بىردەك:
« ئاللاھ تاپشۇرغان ئەلچىلىك ۋەزىپىسىنى ھەقىقى تۈردە ئادا قىلدىڭ، بىزگە ۋەز - نەسىھەت ۋە تەۋسىيەلەرنى قىلدىڭ » دەپ گۇۋاھلىق بېرىشتى.
ئاندىن كېيىن پەيغەمبىرىمىز قولىنى كۆتۈرۈپ مۇنداق دېدى:
« ئەي ئاللاھ گۇۋاھ بول! ئەي ئاللاھ گۇۋاھ بول! ئەي ئاللاھ گۇۋاھ بول! »
(بۇ پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مىلادىنىڭ 632 - يىلى ۋىدالىشىش ھەججىدە سۆزلىگەن ۋەسىيىتىدۇر)

تۈركچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: ئالىمجان مۇھەممەد
تەھرىرلەپ نەشرگە تەييارلىغۇچى: تۇرغۇنجان ئالاۋدۇن

## كېلىنتوننىڭ دالاي لامانى قوبۇل قىلغانلىقى، خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ ئەرۋايىنى ئۇچۇردى

ئۆز خەۋىرىمىز: 6 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئامېرىكا پرېزىدېنتى بىل. كېلىنتوننىڭ ۋە ئامېرىكا كېڭەش پالاتاسى بىلەن ئاۋام پالاتاسى مەسئۇللىرىنىڭ دالاي لاما بىلەن ئايرىم - ئايرىم ھالدا كۆرۈشۈپ، تىبەت مەسىلىسى ھەققىدە سۆھبەتلەشكەنلىكى، كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ ئەرۋايىنى قىرىق گەز ئۇچۇردى. 6 - ئاينىڭ 21 - كۈنى خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ باياناتچىسى جۇباڭزاۋ بېيجىڭدا ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى چاقىرىپ، ئامېرىكىنى « ئىچكى ئىشلىرىمىزغا قوپاللىق بىلەن ئارىلاشتى » دەپ قاتتىق ئەيىپلىدى ۋە ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ دالاي لامانىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغانلىقىنىڭ، خىتاي بىلەن ئامېرىكا ئوتتۇرىسىدا ئىمزالانغان ئورتاق باياناتنىڭ روھىغا خىلاپ ئىكەنلىكىنى، دالاي لامانىڭ خىتاينى پارچىلاشقا ئۇرۇنۇۋاتقانلىقىنى بايان قىلدى. جۇباڭزاۋ ئۆز سۆزىدە يەنە، « - تىبەت جۇڭگونىڭ ئايرىلماس بىر پارچىسى، ھېچبىر دۆلەتنىڭ جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىشىش ھەققى يوق » دەپ جار سالدى. ئۇ يەنە، بۇ ۋەقە مۇناسىۋىتى بىلەن خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئامېرىكا ھۆكۈمىتىگە رەسمىي يوسۇندا نارازىلىق بىلدۈرگەنلىكىنى بايان قىلدى.

سىزلەرگە مەلۇم بولغىنىدەك، بۇيىل 6 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئامېرىكا پرېزىدېنتى كېلىنتون دالاي لامانى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئاق سارايدا يېرىم سائەت كۆرۈشكەن ۋە بۇ قېتىمقى كۆرۈشۈشتە دالاي لاما بىلەن جاڭ زېمىن ئوتتۇرىسىدا سۆھبەت ئۆتكۈزۈش، خىتاينىڭ تىبەت رايونلىرىغا خىتاي كۆچمەن يۆتكەشنى توختىتىش مەسىلىلىرى مۇزاكىرە قىلىنغان ئىدى. دالاي لاما بۇقېتىمقى ئۇچرىشىشتا يەنە تىبەت مەسىلىسىگە قوشۇپ شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنىمۇ تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن ئىدى.



## قۇرۇلتاي قارمىقىدىكى « قىرغىزىستان ئىنسان ھەقلىرىنى قوغداش - دېموكراتىيە تەشكىلاتى » نىڭ ئومومىي يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى



ـــور خەۋرىمىز: قورۇلتاي قارمىقىدىكى « قىرغىزىستان ئىنسان ھەقلىرىنى قوغداش - دېموكراتىيە تەشكىلاتى » بۇيىل 6 - ئاينىڭ 20 - كۈنى بىشكېك شەھىرىدە مەزكۇر تەشكىلاتنىڭ ئومومىي يىغىنىنى چاقىرىپ، تەشكىلات قۇرۇلغان 1998 - يىلى 4 - ئايدىن بۇيان ئېلىپ بېرىلغان پائالىيەتلىرىنى خۇلاسىلاپ ئۆتتى.

تەشكىلات رەئىسى ۋە مىللىي قۇرۇلتاي دائىمىي كومىتېت ئەزاسى تۇرسۇن ئىسلام تەرىپىدىن بېرىلگەن خىزمەت دوكلاتىدا، مەزكۇر تەشكىلاتنىڭ قىرغىز - ئۇيغۇر دوستلۇقىنى كۈچەيتىش، شەرقىي تۈركىستاندىن قېچىپ چىققان سىياسىي قاچقۇنلارغا قانۇنىي يوللاردىن ياردەم بېرىپ ئۇلارنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇپ قېلىش، شەرقىي تۈركىستاندا ئۇيغۇرلارنىڭ ئىنسانىي ھەق - ھوقۇقلىرىنىڭ دەپسەندە قىلىنىش ئەھۋاللىرىنى قىرغىزىستان خەلقىگە ۋە دۇنيا جامائەتچىلىكىگە ئاڭلىتىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئىجابىي قەدەم تاشلىغانلىقى بايان قىلىندى. تۇرسۇن ئىسلام بۇنىڭغا ئۆرنەك سۈپىتىدە، ئۆزلىرىنىڭ قىرغىزىستان ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنغان شەرقىي تۈركىستانلىق مۇجاھىتلاردىن قۇربان ياسىن، ھەسەنجان قارى، ئوبۇل قاسىم قاتارلىقلار ئۈستىدىن ئۆتكۈزۈلگەن سوت مەھكىمىلىرىدە بۇ ياشلارنىڭ ئاقلىغۇچىلىقىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ، ئۇلاردىن ھەسەنجان قارى بىلەن قۇربان ياسىنلارنى قۇتقۇزۇپ قالغانلىقىنى، ھەر يىلى 10 - دېكابىر كۈنى « دۇنيا ئىنسان ھەقلىرى كۈنى » مۇناسىۋىتى بىلەن خىتايغا قارشى نامايىش ئۆتكۈزگەنلىكىنى، ئاخبارات ئېلان قىلىش ۋە مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنى چاقىرغانلىقىنى، 12 دۆلەتنىڭ رەھبىرىگە شەرقىي تۈركىستاندا ئىنسان ھەقلىرىنىڭ دەپسەندە قىلىنىۋاتقانلىقى ھەققىدە مۇراجەتنامە يېزىپ يوللىغانلىقىنى، قىرغىزىستاننىڭ گېزىتلىرىدە ئۇيغۇرلار مەسىلىسى ھەققىدە مەخسۇس ماقالىلارنى ئېلان قىلغانلىقىنى، قىرغىزىستاندا سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن ئۇيغۇر سىياسىي قاچقۇنلارنىڭ سىياسىي پاناھلىق ستاتۇسى ئېلىپ باشقا دۆلەتلەرگە ئورۇنلىشىۋېلىشىغا ياردەم بەرگەنلىكىنى مىسال قىلىپ كۆرسەتتى.

بۇقېتىمقى يىغىندا يەنە تەشكىلاتنىڭ 27 كىشىلىك يېڭى رەھبەرلىك ھەيئىتى سايلاپ چىقىلدى. دېموكراتىك سايلام ئارقىلىق، تۇرسۇن ئىسلام يەنە قايتا بۇ تەشكىلاتنىڭ رەئىسلىكىگە، دىلمۇرات ئەكبەروۋ ۋە خەيرىنىسا تۇردىلار مۇئاۋىن رەئىسلىككە، شەمسىدىن ئابدۇرېھىم باش كاتىپلىققا سايلاپ چىقىلدى.

مەزكۇر تەشكىلاتنىڭ بۇقېتىمقى ئومومىي يىغىنىغا، « شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى » نىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قەھرىمان غوجامبەردى، قۇرۇلتاي « ۋەتەن فوندى » نىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋە دائىمىي كومىتېت ئەزاسى دىلبىرىم ساماساقوۋالار قۇرۇلتاي نامىدىن كۆزەتكۈچى سۈپىتىدە ئىشتىراك قىلدى.

گېزىتىمىزنىڭ ساھىبى قۇرۇلتاي نامىدىن:
ئەنۋەرجان
مەسئۇل مۇھەررىر:
پەرھات مۇھەممىدى
تەھرىرلەر: تۇرغۇنجان ئالاۋۇدۇن
ئۇيغۇر ئەزىزى
مونتاژ : ئۆمەرجان شاھيارى
كورېكتور: ئۇچقۇن قەشقىرى

تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى:
ھاجى ياقۇپ (تۈركىيە)
ئابلىكىم باقى (تۈركىيە)
سىدىقھاجى روزى (ئامېرىكا)
ئەخمەت ئىگەمبەردى (ئاۋستىرالىيە)
سېيىتجان قەيسەر (ئۆزبېكىستان)
توختاخۇن ئەركىن (سەئۇدى ئەرەبىستان)
ئەسقەرجان (گېرمانىيە)
قەھرىمان غوجامبەردى

گېزىتىمىزدە ئېلان قىلىنغان ماقالىلارنىڭ مەزمۇنىغا ئاپتورلىرىمىزغا ئائىتتۇر، گېزىتىمىزگە ئەۋەتىلگەن ماقالىلار قايتۇرۇلمايدۇ، ۋەتەن ھەققىدىكى مۇھىم ئاخبارات - ئۇچۇرلارغا مۇۋاپىق ھەق بېرىلىدۇ.

ياردەم بېرىشنى خالىغان ۋەتەنداشلىرىمىز ئۈچۈن بانكا ھېساپ نومۇرىمىز:
Ostturkistanischer
(Uigurischer)
Nationalkongress e.V.
Konto:2009116
BLZ :700 700 24
Deutsche Bank

ئادرېسىمىز :
Ostturkistanischer
(Uigurischer)
National Kongress
Landwehrstr. 17
80336 Munchen
Germany
Tel:
0049 89 55 86 99 86
178 35 25
Fax:
0049 89 55 86 99 87
178 35 25

PUBLISHED BY EASTERN TURKESTAN „UYGHURISTAN„ NATIONAL CONGRESS

# ئىستىقلال
# İSTİKLAL

2000 - يىلى 7 - ئاي
13 - سان

« شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى » ئورگان گېزىتى

قوش ھەپتىلىك
سىياسىي - ئىلمىي گېزىت

## قۇرۇلتاي ۋەكىللىرى بىلگىيەدىكى « خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى » نىڭ يىغىنىدا




ئۆز مۇخبىرىمىز خەۋىرى : خىتاينىڭ باش مىنىستىرى جۇ رونگجىنىڭ بىلگىيەنى زىيارەت قىلىشىدىن ئىككى كۈن بۇرۇن، يەنى بۇ يىل 7 - ئاينىڭ 7 - كۈنى « ياۋروپا بىرلىكى » نىڭ مەركىزى ئورگىنى جايلاشقان بىلگىيەنىڭ پايتەختى بىرۇكسەل شەھىرىدە، خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى بىلگىيە شۆبىسىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن، « خىتايدا ۋە شەرقىي تۈركىستاندا ئىنسان ھەقلىرى » دىگەن تېمىدا مەخسۇس ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى چاقىرىلدى. بۇقېتىمقى يىغىنغا، خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى بىلگىيە شۆبىسىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى، مۇخبىرلار ئىشتىراك قىلغاندىن سىرت يەنە، « شەرقىي تۈركىستان (ئۇيغۇرىستان) مىللىي قۇرۇلتىيى » نىڭ باش كاتىبى ئەسقەرجان، « ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى » نىڭ رەئىسى ئۈمىت ئاگاھى باشچىلىقىدىكى ئۇيغۇر ۋەكىللەر ئۆمىكى، « بىلگىيە تىبەتنى ھىمايە قىلىش جەمئىيىتى » نىڭ مەسئۇللىرى، دېموكراتىك خىتاي ۋەكىللىرى ئالاھىدە تەكلىپ بىلەن قاتناشتى.

( داۋامى 2 - بەتتە )

## ئۇيغۇرلار مەسىلىسى « خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى » نىڭ يىللىق دوكلاتىدا

يېقىندا، خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ يىللىق ئومۇمىي دوكلاتى ئېلان قىلىندى. ھەر يىلدا بىر قېتىم ئېلان قىلىنىپ كېلىۋاتقان بۇ دوكلاتتا، دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەللەردە كىشىلىك ھوقۇقنىڭ قايسى دەرىجىدە ئاياق ئاستى قىلىنىۋاتقانلىقى تەپسىلىي بايان قىلىنغان.

( داۋامى 4 - بەتتە )

## « بېيجىڭ ۋەقەسى » دە ئۆلگەنلەرنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرى لى پېڭنىڭ ئۈستىدىن ئەرز سۇندى

مەركىزى ئورگىنى نيويوركتىكى « خىتاي ئىنسان ھەقلىرى مەركىزى » نىڭ خەۋەر قىلىشىچە، 1989 - يىلى بېيجىڭدا يۈزبەرگەن « 4 - ئىيۇن » ۋەقەسىدە ھاياتىدىن ئايرىلغان 108 نەپەر كىشىنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرى خىتاي ئالىي سوت مەھكىمىسىگە ئەرزنامە سۇنۇپ، خىتاينىڭ ئەينى چاغدىكى باش مىنىستىرى ۋە ھازىرقى پارلامېنت باشلىقى لى پېڭنىڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىلغان ۋە سوت مەھكىمىسىدىن لى پېڭنىڭ قانۇنىي جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈرۈشنى تەلەپ قىلغان.

## گېرمانىيەدىكى ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى ئابدۇجېلىل تۇردى ۋەقەسى مۇناسىۋىتى بىلەن قىرغىزىستان ئەلچىخانىسىنى زىيارەت قىلدى



ئۆز خەۋەرىمىز: بۇيىل 7 - ئاينىڭ 4 - كۈنى، « شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى » نىڭ باش كاتىبى ئەسقەرجان، « دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى » ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ رەئىسى دولقۇن ئەيسا ۋە قۇرۇلتاي قارمىقىدىكى « ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى » نىڭ رەئىسى ئۈمىت ئاگاھىلاردىن تەركىب تاپقان بىر ھەيئەت گېرمانىيەنىڭ پايتەختى بېرلىندىكى قىرغىزىستان باش ئەلچىخانىسىنى زىيارەت قىلىپ، قىرغىزىستان ھۆكۈمىتىنىڭ ئابدۇجېلىل تۇردى ئىسىملىك ئۇيغۇر ياشنى خىتايغا قايتۇرۇپ بېرىشكە ھازىرلىنىۋاتقانلىقىغا ئېتىراز بىلدۈردى.

( داۋامى 3 - بەتتە )

# قۇرۇلتاي ۋەكىللىرى بىلگىيەدىكى « خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى » نىڭ يىغىنىدا

( بېشى 1 - بەتتە )

« خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى » بىلگىيە شۆبىسى خىتاي ئىشلىرى بۆلۈمىنىڭ مەسئۇلى Dominique Demes خانىمنىڭ رىياسەتچىلىكىدە ئۆتكۈزۈلگەن بۇقېتىمقى يىغىندا ئالدى بىلەن « شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى » نىڭ باش كاتىبى ئەسقەرجان تەكلىپكە بىنائەن سۆز قىلىپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ نۆۋەتتىكى ئومومىي ۋەزىيىتى ھەققىدە تەپسىلىي مەلۇمات بەردى. ئەسقەرجاننىڭ گېرمان تىلىدا بەرگەن دوكلاتىدا، نۆۋەتتە كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان كوللېكتىپ ئۆلتۈرۈش، تۈرمىلەردە ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ۋەھشى ئۇسۇللار بىلەن قاتتىق قىيىن - قىستاققا ئېلىش ئەھۋاللىرىنىڭ بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ بېرىۋاتقانلىقى، ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي، دىنىي، قانۇنىي، مەدەنىيەت، مائارىپ ۋە تۈرلۈك ساھەلەردە ئىنسانىي ھەق - ھوقۇقلىرىنىڭ ئېغىر دەرىجىدە دەپسەندە قىلىنىۋاتقانلىقى، ئەپسۇسكى خىتايدىن ئىقتىسادىي جەھەتتە نەپ ئېلىشقا ئالدىراپ كېتىۋاتقان بەزى غەرپ ئەللىرىنىڭ، شەرقىي تۈركىستاندا ئۇيغۇرلارنىڭ ئىنسانىي ھەق - ھوقۇقلىرىنىڭ دەپسەندە قىلىنىۋاتقانلىقىغا كۆز يۇمۇپ كېلىۋاتقانلىقى بايان قىلىندى. ئەسقەرجان سۆزىنىڭ ئاخىرىدا، خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئۇيغۇرلارنىڭ ئىنسانىي ھەق - ھوقۇقلىرىنىڭ دەپسەندە قىلىنىش ئەھۋاللىرىنى يېقىندىن كۆزىتىپ كېلىۋاتقانلىقىغا ۋە خىتاي ھاكىمىيىتىگە ۋاقتىدا ئىنكاس قايتۇرۇپ تۇرۇۋاتقانلىقىغا ئالاھىدە مىننەتدارلىق بىلدۈردى. ئارقىدىن ئەسقەرجان چەتئەل مۇخبىرلىرىنىڭ ۋە خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى ۋەكىللىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستان ۋە ئۇيغۇرلار مەسىلىسى ھەققىدە سورىغان تۈرلۈك سوئاللىرىغا جاۋاپ بەردى.

« خىتاي دېموكراتىك مىللىي بىرلىك سېپى » فىرانسىيە شۆبىسىنىڭ مەسئۇلى ساۋچوگگو ئەپەندىمۇ يىغىندا مەخسۇس سۆز قىلىپ، خىتايدا ئىنسان ھەقلىرىنىڭ دەپسەندە قىلىنىش ئەھۋالى ۋە 1989 - يىلدىكى « 4 - ئىيۇن » ۋەقەسىدىن بۇيان خىتاي ئىچى ۋە سىرتىدا كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتىگە قارشى ئېلىپ بېرىلىۋاتقان دېموكراتىك ھەرىكەتلەرنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى ھەققىدە مەلۇمات بەردى. ئۇ، يېقىنقى مەزگىللەردىن بۇيان خىتايدا ئىنسان ھەق - ھوقۇقلىرىنىڭ دەپسەندە قىلىنىش ئەھۋاللىرىنىڭ كۈندىن - كۈنگە كۈچىيىپ كېتىۋاتقانلىقىنى، گەرچە خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئىنسان ھەقلىرىگە ئائىت بەزى ماددىلىرىغا ئىمزا قويغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ پىرىنسىپلىرىغا ھېچبىر زامان ئەمەل قىلىپ باقمىغانلىقىنى ۋە بۇنىڭ ئەكسىچە، بىر پارتىيەلىك مۇستەبىت ھاكىمىيىتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن دېموكراتىك ھەرىكەتلەرنى تۈرلۈك ۋاستىلار بىلەن باستۇرۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئالاھىدە تەكىتلەپ ئۆتتى.

ساۋچوگگو ئەپەندى يىغىندا يەنە مۇخبىرلارنىڭ ۋە يىغىن قاتناشقۇچىلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستان ۋە تىبەت مەسىلىسى ھەققىدە سورىغان سوئاللىرىغا جاۋاپ بېرىپ، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان چەتئەللەردىكى خىتاي دېموكراتىك تەشكىلاتلىرىنىڭ كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتىگە قارشى شەرقىي تۈركىستان، تىبەت ۋە ئىچكى موڭغۇلىستان تەشكىلاتلىرى بىلەن ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى ئورنىتىپ كېلىۋاتقانلىقىنى، خىتاي دېموكراتىك تەشكىلاتلىرىنىڭ خىتاينىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ۋە شەرقىي تۈركىستان، تىبەت قاتارلىق ئازسانلىق مىللەت رايونلىرىدا ياشاۋاتقان خىتاي پۇقرالىرىغا قارىتا ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ ھەق - ھوقۇقلىرىغا، ئۆرپ - ئادەت ۋە مەدەنىيىتىگە ھۆرمەت قىلىش ھەققىدە تەشۋىقى - تەربىيە ئېلىپ بېرىۋاتقانلىقىنى، بىر مىللەتنىڭ ھەق - ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلمىغان باشقا بىر مىللەتنىڭ دۇنيادا ئىززەت - ئېتىبارىنىڭمۇ بولمايدىغانلىقىنى بايان قىلدى.

يىغىندا يەنە، خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى بىلگىيە شۆبىسى خىتاي ئىشلىرى بۆلۈمىنىڭ مەسئۇلى Dominique Demes خانىم، مەشھۇر ئۇيغۇر كارخانىچى رابىيە خانىمنىڭ خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ سىياسىي زىيانكەشلىكىگە ئۇچراش مەسىلىسى ھەققىدە تەپسىلىي مەلۇمات بەردى. ئۇنىڭ يازما دوكلاتىدا، رابىيە خانىمنىڭ تەرجىمىھالى، تىجارى ۋە سىياسىي كەچۈرمىشلىرى، قولغا ئېلىنىش سەۋەپلىرى ۋە تۆھمەت بىلەن قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە تاشلانغاندىن بۇيانقى ئۆزگۈرۈشكەر، شۇنداقلا خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى ۋە دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ رابىيە قادىر مەسىلىسى ھەققىدە خىتاي ھۆكۈمىتىگە قايتۇرغان ئىنكاسلىرى تەپسىلىي يەرئالغان بولۇپ، Dominique Demes خانىم سۆزىنىڭ ئاخىرىدا، رابىيە خانىم تاكى ھۆرلۈككە ئېرىشكەنگە قەدەر خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ بۇ مەسىلىگە يېقىندىن دىققەت قىلىدىغانلىقىنى ۋە خىتاي ھاكىمىيىتىگە ئىنكاس قايتۇرۇشنى داۋاملاشتۇرىدىغانلىقىنى قايتا - قايتا تەكىتلەپ ئۆتتى.

يىغىن جەريانىدا يەنە، خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ ئۆتكەن يىلى شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىنسان ھەقلىرى مەسىلىسى ھەققىدە ھازىرلىغان 92 بەتلىك دوكلاتى ۋە يېقىندا مەخسۇس رابىيە قادىر خانىم ھەققىدە ھازىرلىغان دوكلاتى يىغىن ۋەكىللىرىگە ۋە مۇخبىرلارغا تارقىتىلىش بىلەن بىرگە، رابىيە خانىم مەسىلىسىدە خىتاي ھاكىمىيىتىگە يەنە قايتا نارازىلىق بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئىمزا توپلاش كامپانىيەسى ئېلىپ بېرىلدى. خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى بىلگىيە شۆبىسىنىڭ مەسئۇلى يىغىندا قىلغان سۆزىدە، رابىيە خانىم مەسىلىسى ھەققىدە ئىمزا توپلاش كامپانىيەسى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، مەزكۇر ئىمزالارنى خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ خىتاي ۋە « شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى » نىڭ ئاساسلىق ئەمەلدارلىرىغا يازغان نارازىلىق مەكتۇبىغا قوشۇپ يوللايدىغانلىقىنى بايان قىلدى. بۇقېتىمقى يىغىن يېرىم كۈن داۋام قىلدى.

شۇكۈنى چۈشتىن كېيىن، خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى بىلگىيە شۆبىسى خىتاي ئىشلىرى بۆلۈمىنىڭ مەسئۇلى Dominique Demes خانىمنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن، ئۇنىڭ ئۆيىدە مەخسۇس ئۇيغۇرلار مەسىلىسى ھەققىدە چاي سۆھبىتى ئۆتكۈزۈلدى. بۇ سۆھبەت يىغىنىغا، خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى بىلگىيە شۆبىسى قارمىقىدىكى ھەرقايسى بۆلۈملەرنىڭ مەسئۇللىرى، « بىلگىيە تىبەتنى ھىمايە قىلىشى جەمىيىتى » نىڭ مەسئۇلى، بىلگىيە سىياسىي پاناھلىق تىلىگۈچىلەرنى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ ۋەكىلى ۋە ئۇيغۇرلار مەسىلىسىگە قىزىقىپ كېلىۋاتقان بەزى بىلگىيەلىك دوستلار، شەرقىي تۈركىستانلىقلارغا ۋاكالىتەن مىللىي قۇرۇلتاينىڭ باش كاتىبى ئەسقەرجان، قۇرۇلتاي قارمىقىدىكى « ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى » نىڭ رەئىسى ئۈممەت ئاگاھى، « ئىستىقلال » ۋە « ئۇچقۇن » گېزىتلىرىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى پەرھات مۇھەممەدى، « بىلگىيە ئۇيغۇر جەمىيىتى » نىڭ ۋەكىلى ۋاھىتجان ... قاتارلىقلار ئىشتىراك قىلدى. سۆھبەت جەريانىدا خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى بىلگىيە شۆبىسى قارمىقىدىكى ھەرقايسى بۆلۈملەرنىڭ مەسئۇللىرى، « بىلگىيە تىبەتنى ھىمايە قىلىشى جەمىيىتى » نىڭ مەسئۇلى، بىلگىيە سىياسىي پاناھلىق تىلىگۈچىلەرنى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ ۋەكىلى ۋە ئۇيغۇرلار مەسىلىسىگە قىزىقىپ كېلىۋاتقان بەزى بىلگىيەلىك دوستلار ئۇيغۇر ۋەكىللىرىدىن، ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، دىنىي، ئىجتىمائىي، مەدەنىي - مائارىپ ... قاتارلىق تۈرلۈك ساھەلەردىكى ئەھۋاللىرى، ئۇيغۇر سىياسىي تۇتقۇنلار ۋە شەرقىي تۈركىستاندىكى تۈرمىلەرنىڭ ئەھۋالى، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئۆرپ - ئادەت ۋە مىللىي ئالاھىدىلىكلىرى، ئارزۇ - ئىستەكلىرى، ئوتتۇرا ئاسىيادا



( بېشى 2 - بەتتە )

ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەزىيىتى، « شائخەي ئائىلاشمىسىغا ئەزا 5 دۆلەت ئىتتىپاقى » نىڭ شەرقىي تۈركىستان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇرلارغا كۆرسىتىدىغان تەسىرى، چەتئەللەردە كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتىگە قارشى پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىنىڭ ئەھۋالى قاتارلىق ناھايىتى كەڭ مەزمۇنلاردا

قاتارلىق ناھايىتى كەڭ مەزمۇنلاردا
ئەتراپلىق مەلۇمات ئالدى. سۆھبەتتە خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى ۋەكىللىرى ئۆزلىرىنىڭ نۆۋەتتە شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر سىياسىي تۇتقۇنلار ۋە شەرقىي تۈركىستاندىكى تۈرمىلەرنىڭ ئەھۋالى ھەققىدە تەپسىلى دوكلات ھازىرلاۋاتقانلىقىنى بايان قىلدى..

# گېرمانىيەدىكى ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى ئابدۇجېلىل تۇردى ۋەقەسى مۇناسىۋىتى بىلەن قىرغىزىستان ئەلچىخانىسىنى زىيارەت قىلدى

( بېشى 1 - بەتتە )

گېرمانىيەدىكى ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرىدىن تەركىب تاپقان يۇقارقى ئۇيغۇر ھەيئىتىنى قىرغىزىستاننىڭ گېرمانىيەدىكى باش ئەلچىسى جۇما قۇلۇف ئەپەندى شەخسەن ئۆزى قوبۇل قىلىپ كۈتۈۋالدى ۋە ئۇلاردىن سەممىي يوسۇندا ھال - خاتىرە سورىدى.

ئۇيغۇر ھەيئىتىدىكىلەر جۇما قۇلۇف ئەپەندى بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبەتتە، بۇيىل 4 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا شەرقىي تۈركىستانلىق ئۇيغۇر ياش ئابدۇجېلىل تۇردىنىڭ قىرغىزىستان ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن تۇتقۇن قىلىنغانلىقى ۋە قىرغىزىستان ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ ياشنى خىتايغا قايتۇرۇپ بېرىشكە ھازىرلىنىۋاتقانلىقىنى ئەسكەرتىپ ئۆتتى ھەمدە چەتئەلدىكى بارلىق ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىنىڭ ۋە ئۇيغۇر جامائىتىنىڭ قىرغىزىستاننىڭ بۇ ھەرىكىتىدىن قاتتىق ئەندىشىلىنىۋاتقانلىقىنى ۋە نارازى بولىۋاتقانلىقىنى ئالاھىدە تىلغا ئالدى.

ئۇيغۇر ۋەكىللىرى يەنە، ئابدۇجېلىل تۇردى ۋەقەسىگە ئوخشىغان بۇخىل ھادىسىلەرنىڭ، تارىختىن بۇيان بىرلىك ۋە باراۋەرلىك ئىچىدە ياشاپ كەلگەن ئۇيغۇر - قىرغىز خەلقلىرى ئوتتۇرىسىدا ئىنتىپاقسىزلىق ۋە ئىختىلاپ پەيدا قىلىدىغانلىقىنى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قىرغىزىستاننىڭ كۈچلىنىشى، تەرەققى قىلىش ۋە ھەقىقىي بىر دۆلەتكە ئايلىنىشى ئۈچۈن ھەسسە قوشۇشقا ھازىر ئىكەنلىكىنى، ئەمما، قىرغىزىستان ھۆكۈمىتىنىڭمۇ ئۇيغۇر مىللىتىگە ھېسداشلىق بىلدۈرۈشى ۋە « قېرىنداش دۆلەت بىزگە ئىگە چىقارمىكىن » دېگەن ئۈمىدتە شەرقىي تۈركىستاندىن قېچىپ چىققان ئۇيغۇرلارغا ئاتىدارچىلىق قىلىشى ۋە ئۇلارنى خىتايغا ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرمەسلىكى كېرەكلىكىنى بايان قىلىشتى.

قىرغىزىستان ئەلچىسى جۇما قۇلۇف ئەپەندى بۇقېتىمقى كۆرۈشۈشتە، ئۇيغۇر ۋەكىللىرى كېلىشتىن بۇرۇن ئۆزىنىڭ قىرغىزىستان ھۆكۈمىتىگە تېلېفۇن بېرىپ، ئابدۇجېلىل تۇردى مەسىلىسى ھەققىدە ئەتراپلىق مەلۇمات ئالغانلىقىنى، ئۇنىڭ قولىدا ۋاقتى ئۆتكەن ساختا پاسپورت بولغاچقا، ئۇنى خىتايغا قايتۇرۇپ بېرىش مەجبۇرىيىتىدە قالغانلىقىنى، بۇ مەسىلىنىڭ ھېچقانداق سىياسىي تەرىپىنىڭ يوقلۇقىنى ئىزاھلاپ ئۆتتى ۋە ئۇيغۇر خەلقى بىلەن قىرغىز خەلقى ئوتتۇرىسىدا ھېچبىر مەسىلىنىڭ يوقلۇقىنى، بۇ ئىككى خەلقنىڭ بىر - بىرىگە ناھايىتى يېقىن ئىكەنلىكىنى، قىرغىزىستان ھۆكۈمىتىنىڭمۇ ئۇيغۇرلارغا قارىتا بىر يامان نىيىتىنىڭ يوقلۇقىنى قايتا - قايتا ئەسكەرتىپ ئۆتتى ھەمدە ئۆزىنىڭ بۇندىن ئىككى يىل بۇرۇن شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئاقسۇ رايونىغا زىيارەتكە بارغانلىقىنى بايان قىلدى.

ئۇيغۇر ۋەكىللەر بۇقېتىمقى كۆرۈشۈشتە يەنە، گەرچە قىرغىزىستاننىڭ ھازىرقى خوشنىسى خىتاي بولسىمۇ، ئەسلى خوشنىسىنىڭ شەرقىي تۈركىستان ئىكەنلىكىنى، شۇڭا قىرغىزىستان ھۆكۈمىتىنىڭ كەلگۈسىدە بىر ئۇيغۇر دۆلىتى بىلەن خوشنا بولۇش ئېھتىمالىنى كۆزدە تۇتقان ھالدا ئۇيغۇرلار بىلەن مۇئامىلە قىلىشى كېرەكلىكىنى تەكىتلەپ ئۆتتى ھەمدە قىرغىزىستان ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆزى قول قويغان خەلقئارالىق كېلىشىمنامىلەرنىڭ روھىغا ئەمەل قىلماستىن، ئۇيغۇرلارنى ئۆلۈم جازاسى ئىجرا قىلىنىۋاتقان خىتايغا قايتۇرۇپ بەرسە، قىرغىزىستاننىڭ خەلقئارا سەھنىلەردە ئىززەت - ئېتىبارىنىڭ قالمايدىغانلىقىنى، شۇنداقلا چەتئەللەردە « دېموكرات ۋە ئالىم » دەپ تونۇلغان پىرېزىدېنت ئەسقەر ئاقايېۋنىڭمۇ نامىغا داغ چۈشىدىغانلىقىنى بايان قىلىشتى ۋە ئاخىرىدا، « قىرغىزىستان ھۆكۈمىتىنىڭ خەلقئارا سەھنىلەردە ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىشىغا كۆڭلىمىز ئۇنىمىغاچقا، ئۆزئارا كۆرۈشۈپ مەسىلىنى ۋە دەردىمىزنى ئاڭلىتىش ئۈچۈن بۇيەرگە كەلدۇق » دېيىشتى.

كۆرۈشۈشتىن كېيىن، « شەرقىي تۈركىستان ) ئۇيغۇرىستان مىللىي قۇرۇلتىيى » نىڭ باش كاتىپى ئەسقەرجان، قۇرۇلتاي نامىدىن قىرغىزىستاننىڭ پىرېزىدېنتى ئەسقەر ئاقايېۋغا يازغان نارازىلىق مەكتۇبىنى قىرغىزىستان ئەلچىسى جۇما قۇلۇف ئەپەندىگە تاپشۇردى.

ئەسقەرجاننىڭ گېرمان تىلىدا يازغان نارازىلىق مەكتۇبىنىڭ باش قىسمىدا، نۆۋەتتە شەرقىي تۈركىستاندا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان بېسىم ۋە زۇلۇم سىياسىتىنىڭ كۈندىن - كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقانلىقى، بىگۇناھ ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ خىتاي سوت مەھكىمىلىرى تەرىپىدىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلىۋاتقانلىقى ئالاھىدە ئەسكەرتىپ ئۆتۈلدى ۋە مۇشۇنداق بىر ۋەزىيەتتە، قىرغىزىستان ھۆكۈمىتىنىڭ ئابدۇجېلىل تۇردىنى خىتاي ھۆكۈمىتىگە قايتۇرۇپ بېرىشكە ھازىرلىنىۋاتقانلىقىنىڭ بىرخىل غەيرى ئىنسانى ھەرىكەت ئىكەنلىكى ۋە « شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى » نىڭ، چەتئەللەردىكى بارلىق ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىنىڭ ئالىي دەرىجىلىك ئورگانى بولۇش سۈپىتى بىلەن، قىرغىزىستان ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ غەيرى ئىنسانى قىلمىشىنى قاتتىق ئەيىپلەيدىغانلىقى بايان قىلىندى ھەمدە قىرغىزىستان ھۆكۈمىتىدىن، ئۆزلىرى قول قويغان خەلقئارالىق كېلىشىمنامىلەردىكى مەجبۇرىيىتىنى شەرتسىز ھالدا ئادا قىلىشنى تەلەپ قىلىندى.

ئەسقەر ئاقايېۋغا يېزىلغان نارازىلىق مەكتۇبدا قىسقىچە مۇنداق دېيىلگەن:

« ھۆكۈمىتىڭىزنىڭ قانخور، ئىمپېرىيالىست، زالىم خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ تەرىپىدە ئەمەس، بەلكى ئېزىلىۋاتقان ھەم قىرغىز خەلقى بىلەن تۇغقان ۋە قېرىنداش بولغان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تەرىپىدە تۇرۇپ، تارىخىي مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۆز - ئۆزىنى ئىدارە قىلىشى ۋە ئىنسانغا ئوخشاش ھايات كەچۈرۈشىنى قولغا كەلتۈرۈشكە ياردەم قىلىشى كېرەك ».

مەكتۇپتا يەنە مۇنداق دېيىلىدۇ: « پىرېزىدېنت جاناپلىرى، سىز دۇنيا دۆلەتلىرى تەرىپىدىن ئىنسان ھەق - ھوقۇقلىرىغا ھۆرمەت قىلىدىغان بىر قانۇن دۆلىتىنىڭ باشلىقى سۈپىتى بىلەن تونۇلىسىز، سىزنىڭ بۇ نامىڭىز قىرغىزىستان ھۆكۈمىتى ئۈچۈن ناھايىتى چوڭ يۈز - ئابروي كەلتۈرمەكتە. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ خەلقئارا سىياسىي سەھنىلەردە ھۆكۈمىتىڭىز سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائى تەرەپلەردىن ياردەم كۆرۈپ كېلىۋاتىدۇ. سىزنىڭ ۋە ھۆكۈمىتىڭىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنمۇ يەنە خەلقئارا سىياسىي سەھنىلەردە يۈز - ئابرويىنىڭ داۋاملىق تۈردە ساقلىنىپ قېلىشى ۋە ھەر جەھەتتىن غەرب دۆلەتلىرىدىن ياردەم كۆرۈشى - تامامەن سىزنىڭ ۋە ھۆكۈمىتىڭىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن دېموكراتىيەگە ۋە ئىنسانى ھەق - ھوقۇقلارغا قانچىلىك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىڭىزغا باغلىق بولۇپ تۇرماقتا. شەرقىي تۈركىستاندا يالغۇز ئۇيغۇرلا ئەمەس، بەلكى قازاق، قىرغىز، ئۆزبېك، تاتار قاتارلىق مىللەتلەرمۇ ياشاپ كەلمەكتە. خىتاي ھۆكۈمىتى بولسا بىر - بىرى بىلەن قېرىنداش ۋە دىنداش بولغان بۇ مىللەتلەرنى بىر - بىرىگە سېلىپ، ئوتتۇرىغا چىققان ۋەزىيەتتىن پايدىلىنىشنى كۆزلەپ كەلمەكتە، شۇڭا بىز خىتاينىڭ بۇخىل توزىقىغا ھەرگىزمۇ چۈشمەسلىكىمىز كېرەك. بىز، جاناپلىرىنىڭ ۋە قىرغىزىستان ھۆكۈمىتىنىڭ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەركىن بىر ۋەزىيەتتە ئۆزلىرىنىڭ مەدەنى، دىنى ۋە ئىنسانى ھەق - ھوقۇقلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ۋە ئۆزلىرىنىڭ مۇستەقىل دۆلىتىنى قۇرۇش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىۋاتقان ھەققانى كۈرىشىنى قوللايدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز ».

قۇرۇلتاينىڭ باش كاتىپى ئەسقەرجاننىڭ پىرېزىدېنت ئەسقەر ئاقايېۋغا يازغان مەكتۇبىنىڭ ئاخىرقى قىسمىدا، « شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى » ھەققىدە قىسقىچە ئىزاھات بېرىلدى ھەمدە مىللىي قۇرۇلتاينىڭ 1999 - يىلى 10 - ئايدا گېرمانىيەدە 15 ئۇيغۇر تەشكىلاتىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن قۇرۇلغان خەلقئارالىق تەشكىلات ئىكەنلىكى ۋە بۇ قۇرۇلتاينىڭ گېرمانىيە ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن رەسمى تەستىقلانغانلىقى ئالاھىدە ئەسكەرتىپ ئۆتۈلدى.

# ئۇيغۇرلار مەسىلىسى « خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى » نىڭ يىللىق دوكلاتىدا

( بېشى 1 - بەتتە )

مەزكۇر دوكلاتنىڭ خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىگە تېگىشلىك بۆلۈمى جەمئىي 6 بەت بولۇپ، بۇ بۆلۈمدە يۇرتىمىز شەرقىي تۈركىستانغا مەخسۇس سەرلەۋھە ئاستىدا پۈتۈن بىر بەت ئاجرىتىلغان. شۇنداقلا تىبەت، شاڭگاڭ ۋە ئاۋمېنلاردىكى ئەھۋاللارمۇ بايان قىلىنغان.

سىزلەرگە مەلۇم بولغىنىدەك، خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى 1999 - يىلى شەرقىي تۈركىستانغا بېغىشلاپ 94 بەتلىك ئالاھىدە دوكلات ئېلان قىلغان ئىدى.

خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ يىللىق دوكلاتىنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا ئائىت پاراگرافىدا مۇنداق دېيىلگەن:

« شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا ئىشسىزلىق، مىللىي كەمسىتىش ۋە تۈپ ئەركىنلىكلەر چەكلەنگەنلىكى تۈپەيلىدىن، يەرلىك خەلقنىڭ نارازىلىقى بارغانسېرى كۈچەيمەكتە ۋە بۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئىنسانلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقلىرى كەڭ كۆلەمدە دەپسەندە قىلىنماقتا. خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ ئىنسانلارنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈش، قىيناپ ئۆلتۈرۈش، بىگۇناھ ئىنسانلارنى قولغا ئېلىش، سوت قىلىنماستىن نازارەت ئاستىدا ساقلاش ۋە سىياسىي مەھبۇسلارنى ئادالەتسىز ئۇسۇلدا سوتلاش قاتارلىقلارغا ئوخشاش ئېغىر زۇلمى كۆپۈنچە بۇ رايوننىڭ يەرلىك خەلقى بولغان ئۇيغۇرلارغا قارىتىلغان. خىتاي ھاكىمىيىتى ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ئۇيغۇرلارنىڭ تىنچ يول بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ھوقۇقلىرىنى تەلەپ قىلىپ ئېلىپ بارغان بارلىق ھەرىكەتلىرىنى زورلۇق كۈچ بىلەن باستۇرۇپ كەلمەكتە ».

خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى ئۆز دوكلاتىدا خىتاي ھۆكۈمىتىگە مۇراجىئەت قىلىپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىي ساھەلەردىكى قىيىنچىلىقلىرىنى تەكشۈرۈش، بۇ خىل قىيىنچىلىقلارنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن چارە ئىزدەش مەقسىتىدە پەۋقۇلئاددە كومىسسىيە تەشكىل قىلىشنى ۋە شۇنداقلا كىشىلەرنىڭ ئارزۇ - تەلەپ ۋە دەرت - ئەلەملىرىنى ئەركىن ھالدا ئوتتۇرىغا قويالايدىغان بىر مۇنبەرنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈشنى ئىلتىماس قىلدى.

دوكلاتتا مۇنداق دېيىلىدۇ:

« دەرۋەقە، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى ئۇيغۇرلار باشقىچە پىكىردە بولغانلىقى، مەلۇم بىر جەمئىيەتكە ئەزا بولغانلىقى گۇمان قىلىنسىلا، ئۇلار تىنچ يول بىلەن ھەرىكەت ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، ناھەق ھالدا قولغا ئېلىنىۋاتىدۇ. بەزىلىرى يوشۇرۇن سىياسىي تەشكىلاتلارغا ئارىلىشىپ قالغانلىقى ئۈچۈنلا قارىلىنىپ تۈرمىگە ھۆكۈم قىلىنىۋاتىدۇ. شۇ جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپلىرى ھەتتا خىتاي دۆلىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنىغا زىت ھالدا بويىنىغا ھېچقانداق ئەيىب قويۇلماستىن يىللارچە سولاقخانىلاردا ساقلانماقتا.

خىتاي ھۆكۈمىتى قولغا ئېلىنغان بۇنداق سىياسىي تۇتقۇنلارنى پەقەت خەلققە كۆرسىتىش ئۈچۈنلا ئاتالمىش « ئوچۇق سوت » ئېچىپ سوتلىماقتا. ھالبۇكى بۇ تۇتقۇنلار سوت قىلىنىشتىن بۇرۇن ئۆلۈم جازاسىغا ياكى قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىپ بولغان. ھەتتا بۇ تۇتقۇنلارنىڭ ئادۋوكاتلىرىمۇ يوق، خىتاي ھۆكۈمىتى بۇنداق ئۇيغۇر سىياسىي تۇتقۇنلارنى سوت مەيدانىغا چىقارغاندا، ئۇلارنى ئۇنىمگىلىغان كىشىگە كۆرسىتىدۇ، بۇنىڭدىن مەقسەت ھەيۋە قىلىپ خەلقنى قورقۇتۇش ئۈچۈندۇر.

بۇ رايوندىكى تۇتقۇنلار تۈرمىدە قاتتىق قىيىن - قىستاققا ئېلىنىدۇ، بۇنداق قاتتىق قىيناش ئارقىلىق ئۇلاردىن مەلۇمات ئېلىنىدۇ ياكى ئۆزلىرى قىلمىغان گۇناھلارغا ئىقرار قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئۇيغۇر سىياسىي تۇتقۇنلار خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ باشقا رايونلىرىدا ئىجرا قىلىنمىغان ۋەھشىي ۋە ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ئۇسۇللار بىلەن قىينالماقتا. ھەتتا ئەر كىشىلەرنىڭ جىنسىي ئورگانىغا ئاتىنىڭ قويرۇق قىلىنى تىقىپ قىيىنغانلىقى ئېنىق. بۇنداق ئۇسۇللار بىلەن قىيناپ، تۈرلۈك يوق جىنايەتلەرگە ئىقرار قىلدۇرۇلغان كۆپ ساندىكى ئۇيغۇر ياشلىرى ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىپ ئىجرا قىلىندى. بۇ رايوندىكى ئۆلۈم جازاسى - نوپۇسقا سېلىشتۇرغاندا - خىتاينىڭ باشقا جايلىرىغا نىسبەتەن نەچچە ھەسسە كۆپ. ھەتتا خىتاينىڭ باشقا رايونلىرىدا ئۆتكەن يىللاردا سىياسىي تۇتقۇنلار ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان ئەمەس. خىتاي دۆلىتىدە پەقەت ئۇيغۇر سىياسىي تۇتقۇنلىرىلا ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىپ ئېتىپ ئۆلتۈرۈلمەكتە.

# ھاراق ئىچىشنى تاشلىغانلارغا بارىكاللا!

تۇرغۇنجان ئالاۋدۇن

ھاراق ئىچىش دىنىمىزدا قاتتىق چەكلەنگەن بولۇپ، ئاللاھ تائالا مۇنۇ ئايەت ئارقىلىق مۇسۇلمانلارنىڭ ھاراق ئىچىشنى ھارام قىلغان:

« ئى مۆمىنلەر! ھاراق ئىچىش، قىمار ئويناش، بۇتلار ( يەنى چوقۇنۇش ئۈچۈن تىكلەنگەن تاشلار ) غا چوقۇنۇش، پال ئوقلىرى بىلەن پال سېلىش شەيتاننىڭ ئىشى، پاسكىنا قىلىقلاردۇر، بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن شەيتاننىڭ ئىشىدىن يىراق بولۇڭلار »

( مائىدە سۈرىسى 90 - ئايەت )

بىراق خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ ھاراق ئىچىشكە ۋە ھەر تۈرلۈك ئەخلاقىي بۇزۇقچىلىقلارغا قولايلىق شارائىت يارىتىپ بېرىش ھەمدە ھاراق، تاماكىلارنىڭ، تانسىخانا، پاھىشەخانىلارنىڭ باھاسىنى ئەرزانلاشتۇرۇپ بېرىش ئارقىلىق مىللىتىمىزنى چىرىتىپ يوقۇتۇش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىۋاتقان رەزىل سۇيىقەستىنى چۈشەنمىگەن بىر قىسىم خەلقىمىز ھاراق ئىچىشكە ئادەتلىنىپ قالغان ئىدى.

كېيىنكى يىللاردا ئىلغار، ياش دىنىي زاتلىرىمىزنىڭ ئېلىپ بارغان تەشۋىقاتلىرىنىڭ تۈرتكىسى ئاستىدا ھاراقنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋىي جەھەتلەردە قەتئىي زىيانلىق ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يەتكەن خەلقىمىز ئاستا - ئاستا ھاراق ئىچىشنى تاشلاشقا باشلىغان.

« شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » نىڭ يېقىندا ۋەتەندىن ئىگەللىگەن خەۋىرىگە قارىغاندا، « يېقىنقى ۋاقىتلاردا ھاراق ئىچىشنى تاشلىغان ئۇيغۇرلارنىڭ سانى كۈندىن - كۈنگە كۆپىيىشكە باشلىغان، بۇ ئىش خىتاي ھاكىمىيىتىنى قاتتىق ئەندىشىگە سالغان ۋە « بۇ ھاراق تاشلاش ھەرىكىتىنىڭ ئارقىسىدا چوقۇم دىنىي ئەسەبىي كۈچلەر مەۋجۇت » دەپ قاراپ، بەزى رايونلاردىكى ھاراق ئىچىشنى تاشلىغان ئۇيغۇرلارنى سۈرۈشتە قىلىپ، ئۇلارنى نىمە ئۈچۈن ھاراق تاشلىغانلىقى ۋە كىملەرنىڭ ئۇلارغا ھاراق تاشلاش ھەققىدە نەسىھەت قىلغانلىقى سۈرۈشتۈرۈپ سوئال - سوراق قىلغان. خىتاي ھۆكۈمىتى تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ، ھاراق تاشلىغانلارنى ۋە باشقىلارغا ھاراق تاشلاش ھەققىدە نەسىھەت قىلغانلارنى دىنىي ئەسەبىيلىكنى تەرغىپ قىلدى دېگەن تۆھمەتلەر بىلەن جازالاشقا باشلىغان.

دېمەك، خىتاي ھاكىمىيىتى ئۆزىنىڭ رەزىل سۇيىقەستىنى بىلىپ قېلىپ، ئالدام خالتىسىغا چۈشمىگەن، ئۆزلىرىنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى ھالاكەتتىن ساقلاپ قېلىشقا تىرىشقان ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىدىن داۋاملىق ئۆچ ئېلىپ كېلىۋاتىدۇ. يۇقارقى ھادىسە بۇنىڭ جانلىق دەلىلى.

بىز ئىشىنىمىزكى، خەلقىمىز خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ رەزىل سۇيىقەستىنى يەنىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىپ يېتىدۇ، بۇندىن كېيىن خىتايلارنىڭ ئالدامچىلىقلىرىغا ئالدانمايدۇ. دۈشمەننىڭ ھىلە - مىكىرلىرىنى تونۇپ يېتىپ، ئۇلارغا ئالدانماسلىقنىڭ، ئاللاھ چەكلىگەن ھاراق ئىچىش ۋە باشقا ئىنسانىي چىرىتىدىغان ئىشلارنى قىلماسلىقنىڭ ئۆزىمۇ دۈشمەنگە قارشى ئېلىپ بېرىلغان كۈرەشنىڭ بىر تۈرى. شۇنىڭ ئۈچۈن ھاراق ئىچىشنى تاشلىغان، چىرىكلىكتىن باش تارتقان قېرىنداشلىرىمىزغا ئاللاھ رەھمەت ئاتا قىلسۇن!

# ئۇيغۇرلار ئارىسىدا «ئەيدىس» كېسىلى يېيىلماقتا

ئالىم سېيتوف (ئامېرىكا)

(مەزكۇر ماقالا ئامېرىكىنىڭ «The Analyst» ناملىق ئىلمىي ژورنىلىدا ئېلان قىلىنغان)

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ «ئەيدىز» دەپ ئاتالغان يۇقۇملۇق كېسەللىك توغرىسىدىكى راپورى 28 - ئىيون كۈنى ئېلان قىلىندى. بۇ راپوردا خىتاي ئىچىدە «ئەيدىز» كېسەللىكى يېيىلىۋاتقانلىقى، بولۇپمۇ شەرقىي تۈركىستاندا بۇ كېسەللىك جىددىي مەسىلىگە ئايلانغانلىقى يېزىلغان. مەلۇمكى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ خىتاي ھاكىمىيتىگە قارشى مۇستەقىللىق ھەرىكىتى يېقىندىن بۇيان دۇنيا مەتبۇئاتلىرىنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلماقتا. ئۆز نۆۋىتىدە خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇر خەلقىنى بۇ ئاپەتكە قارشى ئاگاھلاندۇرمىدى ۋە بۇ كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش توغرىسىدا تەدبىر قوللانمىدى. ھەتتا كۆپچىلىك ئۇيغۇرلار «ئەيدىز» نىڭ ئادەم ئۆلتۈرىدىغان يۇقۇملۇق بالايى - ئاپەت ئىكەنلىكىدىن ھەم بىخەۋەر.

ئۇيغۇرلار ھېروين ۋە «ئەيدىز» ئاپەتلىرىنى دەسلەپتە بۇنىڭدىن 10 يىل ئىلگىرى غەرپ دۆلەتلىرىنىڭ كىنولىرىدا كۆرگەن ئىدى. نەشە ۋە باشقا ئەن - ئەنىۋى چېكىملىكلەر بولسا ئۇيغۇرلارغا ئەسىرلەردىن بېرى تونۇش ئىدى. ھېروين ۋە كوكايىنغا ئوخشاش زەھەرلىك چېكىملىكلەر 90 - يىللارنىڭ باشلىرىدا شەرقىي جەنۇبى ئاسىيادىكى تايلاند ۋە بېرمىغا ئوخشاش دۆلەتلەردىن شەرقىي تۈركىستانغا كىردى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنلا «ئەيدىز» ئاپىتى ھەم يېتىپ كەلدى. خىتاي ۋە غەرپلىك «ئەيدىز» مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بۇ يۇقۇملۇق كېسەلنىڭ ئۆلغۈيىشىغا ئاساسلىق سەۋەپ ھېروين چېكىشكە ئادەتلىنىپ قالغانلارنىڭ ئەينى ئوكۇل يىڭنىسىنى ئورتاق ئىشلەتكەنلىكىدۇر.

25 - ماي كۈنى يەنى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ھازىرقى راپورى ئېلان قىلىنىشتىن بىر يىل ئىلگىرى، خىتاي ئەيدىز مۇتەخەسسىسلىرى شەرقىي تۈركىستاندا ۋە ئومۇمەن خىتايدا كەلگۈسىدە چوڭ ئاپەت يۈز بىرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، بېيجىن ھۆكۈمىتىنى ئەيدىزگە قارىتا تەدبىر قوللىنىشقا چاقىرغان ئىدى.

شىنخۇا ئاخبارات ئاگېنتلىقى بىلدۈرگەن بۇ خەۋەردىن مەلۇم بولۇشىچە، خىتاي پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ مۇتەخەسسىسلىرى زەھەرلىك چېكىملىكلەرگە ئادەتلىنىپ قالغانلار، ئىستىلى بۇزۇلغانلار ۋە بۇ يۇقۇملۇق كېسەلگە گىرىپتار بولۇش خەۋپى بولغانلارنى ئاسراش مەقسىتىدە خىتاي خەلق قۇرۇلتىيىغا ئالاھىدە راپور تەقدىم قىلغان ۋە قانداق چارە - تەدبىرلەرنى قوللىنىش توغرىسىدا ئۆز تەۋسىيەسىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

خىتاي ئەيدىز مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، 1995 - يىلدىن ئىلگىرى شەرقىي تۈركىستاندا ھېچكىمدە ئەيدىز كېسەللىكىگە يول ئاچىدىغان HIV ناملىق مىكروپ يوق ئىكەن. ئەمما 1996 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا يېتىپ كەلگەندە، زەھەرلىك چېكىملىككە ئادەتلىنىپ قالغان 400 كىشىنى تەكشۈرۈشتىن ئۆتكۈزگەندە، ھەر 4 كىشىنىڭ بىرىدە بۇ مىكروپنىڭ بارلىقى بايقالغان. قانداقلا بولمىسۇن، خىتاي مەتبۇئاتى يەرلىك خەلقنىڭ غەزىۋىدىن قورقىنى ئۈچۈن بولسا كېرەك، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئەيدىز كېسەللىكى ئۆلغۈيىۋاتقانلىقى توغرىسىدا گەپ قىلماي كەلدى. John Hopkins ئۇنىۋېرسىتېتى قېشىدىكى ئاممىۋى سالامەتلىكنى ساقلاش مەكتىۋىنىڭ ئەيدىز مۇتەخەسسىسى دوكتۇر Chris Beyerning ئېيتىشىچە، ھازىر شەرقىي تۈركىستان خىتاي دۆلىتى ئىچىدە HIV مىكروبىنىڭ كۆپ يېيىلغان ئىككىنچى ئۆلكە ھېساپلىنىدۇ. خىتاي دۆلىتى بويىچە HIV مىكروبى ئەڭ كۆپ تارقالغان بىرىنچى ئۆلكە تايلاند ۋە بېرمىغا يېقىن بولغان يۈننەن ئۆلكىسىدۇر. ئۇرۇمچىدە ئۆزىگە ھېروييىنى ئوكۇل قىلىپ سالىدىغانلارنىڭ سانى ناھايىتى كۆپەيگەن.

بۇ سەۋەپتىن شەرقىي تۈركىستان بويىچە ئەيدىز كېسەللىكىگە دۇچار بولغانلار ئەڭ كۆپ ئۇرۇمچىدە، خىتاي ساقلىقنى ساقلاش مىنىستىرلىكىنىڭ مۆلچىرىگە قارىغاندا، مەملىكەت بويىچە، HIV مىكروبىغا گىرىپتار بولغانلارنىڭ سانى بۇ يىل 500000 غا يېتىپ باردۇ. بىراق، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا قانچىلىك كىشىنىڭ بۇ كېسەلگە گىرىپتار بولغانلىقى ئېنىق ئەمەس.

ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ يېيىلىشى بۇ خەلقنىڭ ئەزەلدىن مەۋجۇت بولغان خىتاي ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى ئۆچمەنلىكىنى تېخىمۇ كۈچەيتكۈسى. بۇنداق ھالەت ئەلۋەتتىكى، شەرقىي تۈركىستاندا خىتاي ھاكىمىيتىنىڭ بېشىغا كەلگەن يېڭى بىر خەۋپ ھېساپلىنىدۇ. ئەگەر ئەيدىز كېسەللىكى زەھەرلىك چېكىملىكلەرگە مۇپتىلا بولمىغان ئۇيغۇرلارغا ھەم يۇقۇشقا باشلىسا، بۇ ھالەت ئۇيغۇر خەلقىنى تېخىمۇ بىئارام قىلغىنىدەك، خىتاي ھاكىمىيتىگە قارشى بولغان غۇلغۇلىنىڭ تېخىمۇ كۆپىيىشىگە ئېلىپ بارىدۇ. چۈنكى، ئۇيغۇرلار خىتاي ھاكىمىيتىگە ئىشەنمەيدۇ. ئۇيغۇرلار ئەسلىدىلا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ تۇغۇتنى چەكلەش ۋە بۇ رايونغا كۆپلەپ خىتاي مۇھاجىرلىرىنى كۆچۈرۈپ جايلاشتۇرۇش سىياسىتىگە قاتتىق نارازى بولغىنىدەك، خىتاي ھاكىمىيتىنىڭ دىنىي پائالىيەتلەرنى چەكلەش ۋە سىياسىي پائالىيەتلەرنى قاتتىق قوللۇق بىلەن باستۇرۇش سىياسەتلىرىگە قارشى قاتتىق غەزەپلەنمەكتە.

شەرقىي تۈركىستاندىكى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئاساسىي دەردى بۇ رايوندا سىياسىي مۇقىملىقنى ساقلاشتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بۇ ھۆكۈمەت ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئەيدىز كېسەللىكى يېيىلىۋاتقانلىقى توغرىسىدا خەلقنى ئاگاھلاندۇرۇش ۋە بۇ ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن چارە تېپىش توغرىسىدا ھېچنەرسە قىلمىدى. ئۇيغۇر ئاھالىسى بولسا بۇ ئاپەتنىڭ ئاقىۋەتلىرىدىن بىخەۋەر، ھەتتا كۆپچىلىكى بۇنداق يۇقۇملۇق كېسەللىككە گىرىپتار بولغانلىقىنى ھەم بىلمىسە كېرەك. خىتاي ھۆكۈمىتى بولسا، بۇ ئۆلكىدە سىياسىي مۇقىملىقنى بەرپا قىلالىسا ۋە ئىقتىسادىي ئەھۋالنى ئۆزىتەلىسە، ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى ئەيدىز كېسەللىكى خىتاي ھاكىمىيتىنى ئانچە قىزىقتۇرمىسا كېرەك.

ھازىرقى پەيتتە خىتاي ھاكىمىيتى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئەيدىز كېسەللىكىگە گىرىپتار بولۇش خەۋپىنىڭ جىددىيلىكىنى ئومۇمىي خەلققە جاكالاپ، بۇ ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئىمكانلىرىنى ئىزدىشى كېرەك. ئەكسىچە بولغاندا، بۇ كېسەللىك ئۇيغۇرلارنىڭ خىتاي ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى كۈرىشىگە يەنىمۇ تۈرتكە بولۇشى مۇمكىن. ئەگەر ئەيدىزگە قارشى چارە - تەدبىر قوللانماستىن يۈرۈش، بۇ كېسەللىكنىڭ يېيىلىشىغا يول قويۇپ بېرىش، ۋاقتى كەلگەندە خىتاي ھاكىمىيتى ھۆددىسىدىن چىقالمايدىغان ئېغىر ئاقىۋەتلەرگە يول ئېچىشى مۇمكىن. بۇنداق بولىشىغا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەزەلدىن خىتايلارغا ئىشەنمەسلىكى ۋە خىتاي ھاكىمىيتىگە قارشى ھەرىكەتلىرى، ئەيدىز ئاپەتلىرىگە قوشۇلۇپ مۇھىم رول ئوينايدۇ.

خىتاي دۆلەتلىك ئەيدىز كېسەللىكىنى تەكشۈرۈش لابراتورىيەسى يېقىندا ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى ئەيدىز مىكروبىنىڭ تۈرىنى بەلگىلىدى. بۇ ھەقتىكى مەلۇماتقا قارىغاندا، ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى ئەيدىز مىكروبى B C. شۇ جۈملىدىن B تىپتىكى مىكروپ كۆپۈنچە بېرما، تايلاند ۋە خىتاينىڭ ئۆزىدە تېپىلىدۇ. C تىپتىكى مىكروپ بولسا كۆپۈنچە ھىندىستان ۋە بېرمادا يېيىلغان. بۇ ئىككى تۈرلۈك مىكروپنىڭ قوشۇلىشىدىن پەيدا بولغان B C تىپتىكى ئەيدىز كېسەللىكى ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتكە ئىگە. بۇ كېسەللىكنىڭ B ۋە ياكى C تىپتىكى ئەيدىز كېسەللىكىدىن ياخشىراق ياكى يامانراق ئىكەنلىكى ياكى يەڭگىلرەك بولغانلىقى ئېنىق ئەمەس. B C تىپتىكى مىكروپلار بۇنىڭدىن 4 - 5 يىل ئىلگىرى ئاۋۋال يۈننەندە، كېيىنچە سىچۇەندە يېيىلغان. دېمەك، بۇ مىكروپلار ئاخىرىدا ئۇرۇمچىگە يېتىپ كەلگەن. ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى ئەيدىز كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلار 100% دېگىدەك B C تىپتىكى مىكروپ بىلەن زەھەرلەنگەن.

بۇ B C تىپتىكى مىكروپ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا زەھەرلىك چېكىملىكلەرگە گىرىپتار بولغانلاردىن تاشقىرى خەلق ئارىسىدا يەنە قانچىلىك يېيىلغانلىقى ئېنىق ئەمەس. خىتاي پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا جىنسىي مۇناسىۋەت ئارقىلىق ئەيدىز كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغانلارنىڭ سانى كۆپەيمەكتە.

دېمەك، بۇ كېسەللىك ئۆزىگە ھېروين ۋە باشقا ئاق دورىلارنى ئوكۇل قىلىپ سالغانلار بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت قىلغانلار ئارقىلىق خەلق ئارىسىدا يېيىلماقتا. ئەسلىدىلا خىتاي ھاكىمىيتىگە گۇمانلىق قارىغان ئۇيغۇرلار، ھازىر بۇ كېسەللىك خىتاي ھاكىمىيتىنىڭ بىزگە قاراتقان «ئۇيغۇرلارنى يوقۇتۇش» سىياسىتىنىڭ يېڭى بىر شەكلى، ھۆكۈمەت بۇ ئاپەتنى بىزگە قەستەن ئېلىپ كەلمەكتە، دېگەندەك گۇماندا.

# روسىيەنىڭ ئۇزاق شەرق رايونى خىتايلىشىۋاتامدۇ؟

( ئامېرىكىنىڭ « Golabal Intelligence Update » ناملىق ژورنىلىدا بېسىلغان ماقالىنىڭ تولۇق تېكستى )

روسىيە فېدېراتسىيەسى چېگرانى قوغداش باشقارمىسى چېگرانى كونترول قىلىش بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ئالېكساندىر شايكىنىنىڭ ئېيتىشىچە، خىتايلار روسىيەگە تانكىلار بىلەن ئەمەس، چامادانلىرى بىلەن بېسىپ كىرمەكتە. ئۇنىڭ Moskov Times گېزىتىنىڭ 29 - ئىيون ساندا بەرگەن مەلۇماتىغا قارىغاندا، ئۆتكەن 18 ئاي مابەينىدە بىر يېرىم مىليون خىتاي روسىيەنىڭ ئۇزاق شەرق رايونىغا قانۇنسىز رەۋىشتە كىرگەن.

گەرچە شايكىننىڭ بەرگەن مەلۇماتى مۇبالىغەدەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن تارىختا بىرەر قېتىم خىتاي تېررىتورىيەسىگە كىرگەن جايلاردا خىتاينىڭ تەسىرى قايتىدىن كۈچلىنىۋاتقانلىقى بىر ھەقىقەت. دەرۋەقە بۇ ئىككى چوڭ دۆلەت ئوتتۇرىسىدا روسىيەنىڭ ئۇزاق شەرق رايونى سەۋەبىدىن زىددىيەتلەر قايتىدىن ئەۋج ئېلىش ئېھتىمالى بار.

روسىيە فېدېراتسىيەسى مۇھاجىرلار ئىدارىسىنىڭ باشلىقى يورى ئاخىفوۋ ئالېكساندىر شايكىننىڭ بەرگەن مەلۇماتىنى رەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: « بەزى خىتايلار سودا قىلىش مەقسىتىدە روسىيەگە كېلىدۇ، بەزىلىرى يىلدا بىرنەچچە قېتىم قاتنايدۇ، بىراق ئۇلار ھەر قېتىم چېگرادىن ئۆتكەندە تىزىمغا ئېلىنىپ، سانىنىڭ ئېشىپ كېتىشىگە سەۋەپ بولماقتا. شۇنىڭ ئۈچۈن شايكىن تەرىپىدىن بېرىلگەن مەلۇماتنى توغرا دەپ ھېساپلاش مۇمكىن ئەمەس ».

روسىيەدە 1990 يىلىدىن بۇيان ئاھالە سانى ستاتىستىكا قىلىنغىنى يوق، موسكوۋادىكى نوپۇس تەكشۈرۈش باشقارمىسىنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، 1997 - يىلى روسىيەنىڭ ئۇزاق شەرق رايونىدىكى خىتايلارنىڭ سانى 250 مىڭ كىشى بولغان، روسىيە ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىكى 1997 - يىلى خىتايلارنىڭ سانىنى 2 مىليون دەپ ئېلان قىلغان ئىدى. يەنە باشقا مەلۇماتلارغا قارىغاندا، روسىيەنىڭ ئۇزاق شەرق رايونىدىكى خىتايلارنىڭ سانى 100 مىڭ بىلەن 5 مىليون ئەتراپىدا دەپ تەخمىن قىلىنىدۇ.

قانداقلا بولمىسۇن، روسىيەنىڭ مۇھاجىرلار ئىشلىرى باشقارمىسى ھەم خىتايلارنىڭ بۇ رايونغا كۆپلەپ جايلىشىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ، خىتايلار كەلگۈسى 20 - 30 يىل مابەينىدە روسىيەنىڭ ئۇزاق شەرق رايونىدا كۆپ سانلىقنى ئىگەللەيدىغان ئېتنىك گۇرۇپپىغا ئايلىنىشى مۇمكىن، دەپ ئېلان قىلدى.

دېمەك، ئەگەر ھەر يىلى 250 مىڭ بىلەن 300 مىڭ ئارىسىدا خىتاي مۇھاجىرلىرى روسىيەنىڭ ئۇزاق شەرق رايونىغا كۆچۈپ جايلىشىدىغان بولسا، ھەقىقەتەن خىتايلار كەلگۈسى 20 - 30 يىل ئىچىدە بۇ رايوندا كۆپچىلىكنى ئىگەللىشى مۇمكىن. بۇ كۆرسىتىلگەن سانلارنىڭ قايسىسى توغرا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، خىتايلارنىڭ بۇ رايونغا كۆچۈپ جايلىشىشىدا بىر قاتار سەۋەبلەر بار. ھەتتا بېيجىڭ ھۆكۈمىتى خىتايلارنىڭ بۇ رايونغا كۆچۈپ جايلىشىشىنى تەشۋىق قىلىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن.

خىتاي نوپۇسى 1 مىليارد 200 مىليوندىن ئاشتى. روسىيەنىڭ ئۇزاق شەرق رايونىدىكى روسلارنىڭ سانى پەقەت 7 مىليون 400 مىڭ. ۋاھالەنكى، خىتاينىڭ شەرقى شىمالىدا 70 مىليوندىن كۆپ خىتاي ئاھالىسى ياشايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، 1989 - يىلىدىن بۇيان روسىيەنىڭ ئۇزاق شەرق رايونىدىكى ئاھالە سانى 8 پىرسەنت ئازايدى. ھالبۇكى، خىتاينىڭ مانجۇرىيەدىكى ئاھالىسىنىڭ سانى بۇرۇنقىدىن 13 پىرسەنتكە كۆپەيدى.

تارىخىي پاكىتلار ئېخىمۇ كۈچلۈك. ئەسلىدە، خىتايلارنىڭ روسىيەنىڭ ئۇزاق شەرق رايونىغا بۆسۈپ كىرىشى، ئۇلارنىڭ بۇ رايونغا قايتىشى ھېساپلىنىدۇ. ئەسلىدە، ئىراننىڭ يەر مەيدانىغا باراۋەر كەڭ بولغان بۇ رايون، تارىختا خىتاينىڭ تېررىتورىيەسى بولغان ئىدى. دەرۋەقە روسىيە بۇ رايوننى 1858 ۋە 1860 - يىللاردىكى ئايگۇن ۋە بېيجىڭ توختاملىرى ئارقىلىق ئۆزىگە قوشۇۋالغان. چەتئەل كۈچلىرى 19 - ئەسىردە چىن سۇلالىسىگە بىر مۇنچە توختاملارنى تاڭغان. جۈملىدىن خىتاي بۇ ئىككى توختامنى ئېخى تىلغا ئالغىنى يوق. گەرچە بۇ ئىككى دۆلەت 1990 - يىلى چېگرا شەرتنامىسىغا قول قويغان بولسىمۇ، لېكىن خىتاي ئايگۇن ۋە بېيجىڭ توختاملىرىنى « بۇزۇلماس توختام » دەپ ئوچۇق - ئاشكارا قوبۇل قىلغان ئەمەس.

ئىقتىسادىي نۇقتىنەزەردىن قارىغاندا، ھەم روسىيەنىڭ ئۇزاق شەرق رايونىدا نېفىت، گازغا ئوخشاش يەر ئاستى بايلىقلىرى كۆپ، خىتاي بۇنداق بايلىققا مۇھتاج. بۇ يەردىكى نېفىت ۋە گازنى 4 مىڭ 500 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى موسكوۋاغا يۆتكەشتىن كۆرە، خىتايغا ۋە يېقىن ئەتراپتىكى ئاسىيا دۆلەتلىرىگە يۆتكەش ئەرزانغا توختايدۇ. بۇنىڭغا قوشۇمچە روسىيەنىڭ ئاھالىسى ياش جەھەتتىن چوڭىيىۋاتقان بىر پەيتتە خىتاينىڭ ئاھالىسى ياشىرىپ بارماقتا ۋە ئەمگەك كۈچى ئېخىمۇ كۆپەيمەكتە. ئەكسىچە روسىيەنىڭ ئەمگەك كۈچى ئازايماقتا. دېمەك، روسىيەنىڭ ئۇزاق شەرق رايونىنى تەرەققى قىلدۇرۇش ئۈچۈن خىتايدىكى ئەمگەك كۈچىگە ئېھتىياجى ئارتماقتا.

مەسىلىنىڭ ستراتېگىيىلىك تەرىپىمۇ بار، چۈنكى روسىيەنىڭ ئۇزاق شەرق رايونى بۇ دۆلەتنىڭ تىنچ ئوكيان رايونىغا ئېچىلغان يېگانە دەرۋازىسى ھېساپلىنىدۇ. روسىيەنىڭ تىنچ ئوكياندىكى بىردىنبىر پورتى ۋىلادىۋوستوك بىلەن ئامۇر دەرياسى ئېغىزىدىكى نىكولايېۋسك شەھىرى سىبىرىيەدىن بولىدىغان ئېكسپورتنىڭ يولى. بىراق بۇ ئىككى شەھەر تارىختا خىتاينىڭ يېرى ئىدى. ئەگەر خىتاي بۇ رايوننى، ئالاھىدە ئېيتقاندا بۇ ئىككى شەھەرنى قايتا ئۆزقولىغا ئالىدىغان بولسا، روسىيە پەقەتلا تىنچ ئوكيانغا ئېچىلغان سودا يولىدىن مەھرۇم بولۇپلا قالماي، تىنچ ئوكياندىكى دېڭىز ئارمىيە كۈچى ھەم بوغۇلۇپ قالىدۇ. خىتاينىڭ شىمالىدا بۇنداق مۇھىم پورتلارغا ئىگە بولۇشى ئەلبەتتە ياپونىيەگىمۇ خەۋپ ئېلىپ كېلىدۇ.

ئۇزاق شەرقتىكى يەرلىك روسلار « بىزنىڭ يۇرتىمىزنى خىتايلار بېسىپ كەتتى، ۋەتىنىمىز خىتايلاشتۇرۇلماقتا » دەپ قايغۇرماقتا. پىرىموسكى كىرايىنىڭ گوبېرناتورى يېۋگېنى نازدىرانكو يېقىندا موسكوۋا ھۆكۈمىتىگە مۇراجىئەت قىلىپ، شەرقتىكى ئاھالە سانىنى خىتايلار بىلەن تەڭلەشتۈرۈش ئۈچۈن روسىيەنىڭ ئۇزاق شەرق رايونىغا 5 مىليون روس ئاھالىسىنى كۆچۈرۈپ كېلىشنى تەكلىپ قىلدى. روس نوپۇسىنىڭ كۆپەيمەيۋاتقانلىقى، بەلكى ئازىيىۋاتقانلىقىنى ھېساپقا ئالغاندا، 5 مىليون روس ئاھالىسىنى ئۇزاق شەرققە كۆچۈرۈپ كېلىش مۇمكىن ئەمەس. ئەگەر بۇنچە كۆپ ئاھالىنى كۆچۈرۈش مۇمكىن بولغان تەقدىردىمۇ، يەنىلا مانجۇرىيەدىكى خىتاي ئاھالىسى روسىيەنىڭ ئۇزاق شەرق رايونىدىكى روس ئاھالىسىگە سېلىشتۇرغاندا ئالتە بارابەر كۆپ.

قىسقىسى، روس - خىتاي چېگراسىدىكى بارغانسېرى جىددى ۋە نازۇك تۈس ئالماقتا. ئەسلىدە بۇ چېگرا مەسىلىسى روسىيە بىلەن خىتاي ئوتتۇرىسىدىكى دائىرىسى يەنىمۇ كەڭ بولغان زىددىيەتنىڭ بىر پارچىسى ھېساپلىنىدۇ. جۈملىدىن، روسىيەنىڭ ھىندىستان بىلەن ھەربىي ئالاقىلىرىنى بارغانسېرى كۈچەيتىشى خىتاي رەھبەرلىرىنى غەزەپلەندۈردى. بۇ يىل ئىيۇننىڭ بېشىدا « شاڭخەي بەشلىگى » دەپ ئاتالغان دۆلەتلەر رەھبەرلىرىنىڭ دۈشەنبە شەھىرىدىكى ئالىي دەرىجىلىك يىغىنىدا، جاڭزېمىن بىلەن پۇتىن ئوتتۇرىسىدىكى مۇزاكىرە بىر سائەتتىنمۇ قىسقاراق بولغىنى ۋە ئۇچرىشىشتا چېگرا مەسىلىلىرى ھېچ تىلغا ئېلىنمىغانلىقى بىلدۈرۈلدى.

شۇنداقلا، خىتاي روسىيەنى يەنە بىر فرونتتا، يەنى ئوتتا ئاسىيادا قىستاۋاتىدۇ. خىتاي ئوتتا ئاسىيادىكى نېفىت، گازنىڭ بىر قىسمىنى ئۆز نازارىتىگە ئالماقچى. خىتاي يەنە ياۋروپادا، ئوتتا ئاسىيادا، شىمالىي چاۋشەندە ۋە ۋېيتنامدا روسىيە بىلەن بەس - بەستە. گەرچە خىتاي رەھبەرلىرى ئۇزاق شەرق رايونىدا مەسىلىنى بىر تەرەپ قىلىشتا ھازىرچە ئالدىرىماستىن، ئىشنى ئاھالىنىڭ تەبىئىي كۆپىيىشىگە قويۇپ بېرىپ، مۇناسىپ پۇرسەتنى كۈتۈپ تۇرسىمۇ، لېكىن روسىيەمۇ بۇ مەسىلىگە سەل قارىمىسا كېرەك؟.

خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا، گەرچە بۇ ئىككى چوڭ دۆلەت ئارىسىدا ھازىرچە ئۆزئارا كېلىشمەسلىكلەرنى ئىككىنچى پىلانغا قويۇپ تۇرسىمۇ، لېكىن كەلگۈسىدە ئۇزاق شەرقتىكى تېررىتورىيە مەسىلىسى ئۇلارنى قايتىدىن بىر - بىرىنىڭ كانىيىغا ئېسىلىشقا ئېلىپ كېلىدىغاندەك كۆرۈنىدۇ.

# شېئىر گۈلزارى

## باتۇر ئوغلانلار

ئۇمىت ئاگاھى

ئادالەت كۆپ سادا بەردى « تورۇڭ » دەپ ئى بۇرادەرلەر!
ياشاش ئۈچۈن قىل كۆرەش قوزغال ئەرك پەيتىدە يارەنلەر،
تىپىك يەپ ئۆتتى قانچە يىل لەقەم « سىڭكو، قەلەندەرلەر »،
سادا بەر ئاڭلىسۇن دۇنيا، دىسۇن ئۇيغۇرمۇ ئادەملەر،
ئادالەت زەنجىرى ئۇر- ئۇز، غۇلاپ چۈشسۇن مۇغەمبەرلەر.

كۆمۈرنى « ئاق » دىسە « ئاپئاق » دىدۇق ھىچ ئاڭقىرالماي،
چىقىپ گەجگەڭگە مىنسە جىم تۇردۇڭ ھىچ سۆرەن سالماي،
قىرىلسا قېرىنداشىڭچىلىپ بەرسەڭ ئاغرا - سوناي،
شىھىتقۇ ئۇزۇگۇم - ئىپارخان بۇ دەرتكە چىدىيالماي،
ئەندى ئاچ كۆزۈڭنى تاڭ ئاتتى قاچسۇن جىنۇ - شەيتانلار.

قىقىپ شىللەڭنى « خو » دىسە ئەلنى قويساڭ قىيامەتكە،
سېتىپ بىر نانغا قېرىنداشنى ۋە يا قۇرۇق سالاپەتكە،
« ئوغرى » سوراپ جاھاننى، توغرى قالسا جىنايەتكە،
بوۋاڭ سادىر ھايات بولسا چىدامدۇ بۇ ئاھانەتكە؟
قىر، چاپ خائىنلار يوقالسۇن كېلىڭلار مەردۇ - مەردانلار.

ئەرك دەپ بولسا كىمكى زەنجىر - كىشەندە باغلانغان،
يۈزمىڭلىغان گۇناسىزلار جەزىر - چۆللەرگە پالانغان،
ئوت يۈرەكلەر ئەل ئۈچۈن غازات - جەڭلەرگە ئاتلانغان،
ئۇنۇتما ياۋلار بىزدىن قورقۇپ ئۆز يۇرتىغا تام سالغان.
ئەندى تاقەتكە ۋىجدان يوق ئويغان باتۇر ئوغلانلار!

## ئانا تۇپرىقىم

يۇنۇسجان پاتمە

ئانا تۇپراق دەيمىز ۋەتەننى،
ئەجداتلار ياشىغان مۇقەددەس يەرنى.
شۇ قەدىم دىيارغا قىياس قىلىمەن،
ئەزىز ئانىدىكى نۇمۇس ۋە ئارنى.

سىنى ئانام دىسەم ھەققىم بار مىنىڭ،
كۆكسىڭدە گۈل ئاچار ئارزۇم بار مىنىڭ.
ئەمگەك - ئىجاتلار ئىقبالدا ئۆتكەن،
تارىخى شۆھرەتلىك تەختىم بار مىنىڭ.

ئانا مەن ئىلتىجا دۇئالاردا كۆپلەپ،
مىھنەتكەش خەلقىم بوستانلىرىڭنى.
ئۇلۇغ تەقدىر ئەزەلدىن ئەركىڭنى تىلەپ،
پاك نۇرلار چاقناتسا دەپ ئاسمانلىرىڭنى.

ئەي مىنىڭ مۇقەددەس قەدىم جاھانىم،
تۈركىستان زىمىنىم، تىلىم - ئىمان ئىمكانىم.
ئىستىقلال ئارزۇڭدا پاك، ھۆر تىلەكتە،
ئۇيغۇر قىزىڭمەن بۇ، بۆيۈك سەپتە.

ئانىلىق بۇرچۇم، بەختىم پەرزەنتلەر بىلەن،
قەلبىم قۇرلىرىدا، ئىمكان بارىچە.
كەلگۈسى ئەۋلاتقا ئىز - سىرىگ بولۇپ،
ياشاپ ئۆتمەكتىمەن ئۇمىد تىلەكتە.

## كۆكتە چولپان يۇلتۇزۇم

ئابلىكىم باقى ئىلتەبىر ( تۈركىيە )

تولۇن ئايدىنمۇ گۈزەل ئىدى گۈلدەك يۈزلۈرۈك،
ئوت يېقىپ يۈرەككە چاقنار ئىدى كۆزلۈرۈك،
دەرتكە داۋا، تەنگە دەرمان شىرىن ئىدى سۆزلۈرۈك،
ئاي يۈزۈڭنى دەرت بېسىپتۇ دىلبىرىم شەھلا كۆزۈم.

ئاشىقى شەيدايى قىلىپ دىلرەبا كۆركەڭ بىلەن،
جاننى مەپتۇن ئەيلىگەنتىڭ نازىنىن كۈلكەڭ بىلەن،
بەختى - ئىقبالىڭ گۈزەللىك جەننىتى ئۆلكەڭ بىلەن،
جۇت بېسىپ بېغىڭنى ۋەيران ئەيلىدى شىرىن سۆزۈم.

گۈزەل كۆركەڭ، جەننەت ئۆلكەڭ جاھاننى تاڭ قالدۇرغان،
شۇم رەقىپلەر كۆز ئالايتىپ زۇلمەت ئوقىن ياغدۇرغان،
ئىزىپ شوراپ قانلىرىڭنى ئاچ نەپسىنى قاندۇرغان،
زەپىراندەك سارغىيىپسەن ئاھ مىنىڭ گۈلدەك يۈزۈم.

بۇلبۇلى گويا ئىدىڭسەن قەپەز ئىچرە سولاتتىڭ،
قالمىدى ھىچبىر بىساتىڭ چۈنكى تالاپ - بۇلاتتىڭ،
ئۆز بېغىڭدا خارۇ - زار بوپ باغدىن چۆلگە قوغلاتتىڭ،
زۇلمەت ئىچرە نۇرغا تەشنا ئەسلى نۇرلۇق كۈندۈزۈم.

يۈرەكتىكى ئاتەش ئوتنى سىنىڭ ئوتۇڭ ياندۇرار،
تەشنالىقنى گۈل جامالىڭ گۈزەل ۋەسلى قاندۇرار،
ئۇننى قوغلا ئاتسۇن، ئۇن غەپلەتتە قالدۇرار،
ئاچ كۆزۈڭنى ئەي دىلنىگار چىچى سۇمبۇلقۇندۇزۇم.

ئازات ۋەتەن گۈلشەنىدە بۇلبۇل بولۇپ سايرىسۇن،
گۈل ھۆسنۈڭگە قېنىپ جانان مەنمۇ ئەركىن سايرىسام،
ئىپتىخارۇ - غۇرۇر بىرلە كەڭ جاھانغا قارىسام،
بىشىم كۆككە يەتمەسمىدى كۆكتە چولپان يۇلدۇزۇم.




## بۇ قانداق ئىنسان ؟ !

چۆل ئوغلى

ھۆر ئۆلكىدە ياشاپ تۇرۇپ خىتايغا ئىشلەيسەن،
دۈشمەن بار ئىكەن، سەن دوستلارنىڭ پۇتىنى چىشلەيسەن.
ئاتلار كىشنەر ھۆرلۈك ئۈچۈن، قۇللۇققا كىشنەيسەن،
كۆزۈڭ ئۇچۇق ھۆر دۇنيانىڭ نۇرىنى كۆرمەيسەن.

تۈگەتمەكتە قىزىل خىتاي ئۇيغۇر نەسلىنى،
زىمىستانغا چۆرىمەكتە باھار پەسلىنى.
ئالەم بىلدى خىتايلارنىڭ ياۋۇز قەستىنى،
پەقەت سەنلا خاتا ھىساپ قىلدىڭ ئەتىنى .

ۋەتىنى ئۈچۈن فرونتلاردا ئۇيغۇرمەرتلىرى ،
كۆكنى تەۋرىتىپ ، يۇلتۇزنى تۆكەر ئۇلارنىڭ دەرتلىرى ،
كۈندىن - كۈنگە كۆپەيمەكتە باھادىر سەپلىرى ،
ئۇيغۇرىستان ھۆرلىكىدىن باشقا يوقتۇر نەپلىرى .

ئوق ئاتىسەنغۇ ، ئالدىنقى سەپ جەڭچى دۈمبىسىگە ،
كۈلكە قاتىسەن خىتتايلارنىڭ ئاچچىق كۈلكىسىگە .
ئاشىقمۇ سەن چاڭچىلىكەشىنىڭ ئەتەي كۈلكىسىگە ،
قانداق مەخلۇقلار قىلار خائىنلىق ئۆزىنىڭ ئۆلكىسىگە !؟

بۇ قانداق يۈز، بۇ قانداق كۆز ، بۇ قانداق ۋىجدان ؟ !
دوس - دۈشمەننى تونالمىغان بۇ قانداق ئىنسان ؟ !

## ئارمىنىم

مەھمۇت ئەكرەم (ئۆزبېكىستان)

ئەلگە ئىستىقلال - ئەرك تىلەر ئىدىم،
خەلقىم ھۆر - ئازات بولسۇن دەر ئىدىم.
خەلقىمنىڭ دەردى بۇ مېنىڭ دەردىم،
خەلقىم شات يايراپ كۈلسۇن دەر ئىدىم.

خەلقىم كۈلپىتى مېنىڭ كۈلپىتىم،
ئەلگە پىداكار مېنىڭ ئۈلپىتىم.
خەلقىم ھەسرىتى مېنىڭ ھەسرىتىم،
ئەل تاپسا زەپەر ئاشار شۆھرىتىم.

خەلقىم ئارمىنى مېنىڭ ئارمىنىم،
ئەلدىن كۈچ ئېلىپ ئاشار دەرمانىم.
خەلقىمنىڭ ئاھى مېنىڭ ھەم ئاھىم
ئەلگە نىجاتلىق تىلەيمەن دائىم.

ۋەتىنىم ئازات، مەن بولۇرمەن شات،
ئازات ۋەتەندە ياشنايدۇ ھايات.
مەقسەتلەر ئۇلۇغ، مەنزىللەر پارلاق،
كۆكتە يەلپۈنەر ئاي - يۇلتۇز بايراق.

« شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى » نەشىر قىلدى

# مىللەت ۋە مىللىي مائارىپ

ئابدۇرېھىمجان ( گېرمانىيە )

ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ شەكىللىنىشى ئۈچۈن تىل، دىن، مەدەنىيەت ( خاس ئۆرپ - ئادەت ) ۋە ياشاش ئورنى قاتارلىق تەبىئىي، ئىجتىمائىي ۋە جۇغراپىيەلىك تۈپكى ئامىللار ئالدىنقى شەرت بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. بۇ ئامىللارنىڭ تامامەن يوقۇلۇشى ياكى قىسمەن يوقۇلۇشى، شۇ مىللەتنىڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە يوقۇلۇشنى ياكى تەدرىجى يوقۇلۇشنى بەلگىلەيدۇ. مانا بۇ ھەقىقەت رەھىمسىز تارىخنىڭ ئىنكاسىدۇر.

كۆپلىگەن جەمىيەتشۇناس، مىللەتشۇناس ئالىملار مەزكۇر ھەقىقەتنى ئىلمىي ئىسپاتلىدى ۋە ياقىلىدى. شۇنىڭدەك، مىللەتلەر مەدەنىيىتى راۋاجلىنىشتىن ئىلگىرىكى دەۋرلەردە مىللەتلەرنىڭ يوقۇلۇش نىسبىتى بىلەن، مەدەنىيەت راۋاجلانغاندىن كېيىنكى يوقۇلۇشنىڭ نىسبەتلىرىنى تەتقىق قىلىپ « مىللىي مەدەنىيەت مىللەتنىڭ مەۋجۇتلۇغى » دىگەن يەكۈننى ئوتتۇرىغا قويدى.

زامانىنىڭ ئۆتىشى بىلەن جەمىيەت يەنە بىر پەللە تەرەققى قىلىپ، مىللەتلەر ئارا مەدەنىيەت ئۇرۇشى ۋە يۇقۇرى مەدەنىيەت تۆۋەن مەدەنىيەتنى يىمىرىپ ئۆزىگە سىڭدۈرۈۋېلىشى نەتىجىسىدە، مەدەنىيىتى تەرەققى تاپمىغان نۇرغۇنلىغان مىللەتلەر پاجىئەلىك ھالدا يىمىرىلىپ يوقالدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا مىللەتلەر ئارا مىللىي زىددىيەت راسا كۈچلىنىپ، مۇرەسسەسىز باسقۇچقا يەتتى. ھەمدە مىللىي قاراش، مىللىي سېزىم پىشىپ يېتىلدى ۋە مۇكەممەللەشتى. بۇ ھال ئىنسانىيەتنى يىرىك مەدەنىيەت قارىشىدىن ئىجتىمائىي ئىلىم تەتقىقات دۇنياسىغا ئېلىپ چىقتى. بۇ خىل يېڭى ئۆزگۈرۈشلەر تۈرتكىسىدە « مىللىي مائارىپ » دۇنياغا كەلدى.

مىللىي مائارىپ مىللەتلەرگە، پۈتۈن ئىنسانىيەتكە چەكسىز بەختىيارلىق، ھەقىقى ئىنسانىيەتلىك ۋە ماددى، مەنىۋى بايلىق بەخش ئەتتى. مىللىي مائارىپنى تۇتقا قىلغان مىللەتلەر غالىپ، كۈچلۈك، باي مىللەت بولۇپ تونۇلدى.

دىمەك مىللىي مائارىپ، مىللىي مەۋجۇتلۇقنىڭ تامامىنى ئۆزىگە جەملىگەن ھالدا « مىللەتنىڭ مەۋجۇتلۇغى ۋە غالىبىيەتنىڭ تۈپ كاپالىتى » بولۇپ، پۈتۈن ئىنسانىيەت تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىندى. دەل مۇشۇ نوقتىدىن بىزنىڭ دۈشمىنىمىز خىتاي مۇستەملىكىچىلىرى، بىزنى تۈپ يىلتىزىمىزدىن يوقۇتۇشنى پىلانغا قويۇپ « ئاستا خاراكتېرلىق مەدەنىيەت ئۇرۇشى، ئۇزۇنغا سوزۇلغان مىللىي مائارىپ قىرغىنچىلىغى » يۈرگۈزگەن ئىدى. ھەتتا خىتاي خەلقى باشقا مىللەتلەرنىڭ مۇستەملىكىسى، قۇلى بولۇپ، ئېزىلىۋاتقان ئۇزاق ئۆتمۈشتىكى دەۋرلەردىمۇ، ھىلىگەر خىتاي دانىشمەنلىرى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مىللىي مەدەنىيىتىنى، مىللىي مائارىپىنى يوقۇتۇش ئۈچۈن ئاجايىپ تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان ۋە ئىجرا قىلدۇرغان ئىدى.

ياشىنىشىن ھەققىدە مۇنداق بىر ھىكايە بار.

ياش ئۇيغۇرلارغا ھۆكۈمران بولۇپ تەيىنلەنگەندىن كېيىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا چىرىك سانىنى قىسقارتىشقا باشلاپتۇ ۋە بۇ ئۆلكىدىكى چىرىكلەرنىڭ ئومۇمى سانىنى ئونمىڭدىن ئاشۇرۇۋەتمەسلىك ھەققىدە بېيجىن خانىغا ئىلتىماس يوللاپتۇ، بېيجىن خانى ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپ، ئېغىر ساراسىمە ئىچىدە ياشىنى مەركەزگە چاقىرتىپتۇ ۋە ئىنتايىن كايىغان ھالدا ياشىغا مۇنداق دەپتۇ: ياش جاھىجۇن! بۇ قانداق ھەركەت!؟ سىزنى بەكمۇ ئەقىللىق، دانىشمەن، تەجرىبىلىك رەھبەر دەپ بىر ئىسيانكار مىللەتكە خان قىلىپ تەيىنلىگەن ئىدىم، بۇ ئىسيانكار ئۇيغۇر قەۋمى مەركەزگە بويسۇنماي، ھەر ئۈچ يىلدا بىر قېتىم كەڭ كۆلەملىك ئىسيان كۆتۈرىدۇ. ھەر ئوتتۇز يىلدا بىر قېتىم ئەڭ چوڭ ئىسيان قىلىدۇ. ئۇنىدىن باشقا ئۇششاق ئىسيانلىرىنى ھېساپلىمىغاندىمۇ، ئۈچ يىللىق ئىسياندا مەركەزگە زور چىقىم سالىدۇ. ئاندىن ھەربىي خىراجەتكە بوغۇلىمىز. ئۇنى ئاز دېگەندەك كۆپلىگەن ھەق - ھوقۇقلىرىغا ئىگە بولۇۋالىدۇ. ھەر ئوتتۇز يىللىق ئىسياندا مۇستەقىل بولۇۋېلىپ، ئىمپېرىيەمىزگە ئاسىيلىق قىلىدۇ. ۋاھالەنكى سىز قايسى بېشىڭىز بىلەن چىرىك قىسقارتماقچى بولدىڭىز؟

ياشىنىشىن مۇنداق جاۋاپ بېرىپتۇ: خان ئالىيلىرى بىر قوشۇق قېنىمدىن كېچىڭ، بۇ ئۆلكىنى ئىدارە قىلىش ئۈچۈن ئەسكەر كۈچىگە ئېھتىياج يوقتۇر. بۇ ھەقتە مېنىڭ مۇنداق بىر پىلانىم بار، بۇ قەۋم ئىنتايىن ئىتائەتچان ھەم ئىنتايىن شاش - توپپاڭ قويغا ئوخشاش خەلقتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇلارنىڭ چىشىغا تەگمەي، تەلەپ قىلغىنى بويىچە مازار، خانىقالارنى كەڭ ئېچىپ بېرىمەن، ئۇلار نەشۇ يەردە كۆمتۈرۈپ قويغان قازاننىڭ ئاستىدىكى قوڭغۇزلاردەك دۇنيادىن بىخەۋەر ياشاۋېرىدۇ، لېكىن مىللىي مائارىپنى بەرمەيمەن. چۈنكى مىللىي مائارىپ ئىنسانلارنىڭ كۆزىنى ئاچىدىغان خەتەرلىك نەرسىدۇر. يەنە بىرى ئەڭ مۇھىم چارىدۇر، يەنى — قويىنى سەكە بىلەن ئىدارە قىلىش، سەكە بولغاندىمۇ راسا مۈڭگۈزلۈك سەكىدىن ئىككىنى بۇ قويلارنىڭ ئالدىغا سېلىپ قويىمەن. دىمەكچىمەنكى، بۇ قەۋمنىڭ ئىچىدىن ئىككى نەپەر ئەمەلپەرەس، مەنسەپپەرەس، سۆزى چوڭ، دىتى يوق ئاخماقلارنى تاللاپ چىقىپ، ئۇلارغا بەگ قىلىپ تەيىنلەيمەن ھەمدە بىرلا ئەمەلنى بۇ ئىككى نادانىڭ ئوتتۇرىسىغا تاشلاپ قويىمەندە، ئۇلار ئەمەل تاماسىدا ئارقىلاپ ماڭا كىلىپ خوشامەت قىلىشىدۇ، بىرى يەنە بىرىنىڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىلىدۇ، ئۇ كەلسىمۇ سىنىڭ راس، ئەمەل تۇتۇشقا سەن لايىق، چىڭ تۇر دەيمەن. بۇ كەلسىمۇ شۇنداق دەيمەن. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئاخماق ئىشەكلەر بىر - بىرىگە ھەسەت قىلىشىپ، بىرى يەنە بىرىنىڭ ئەھۋالىنى ماڭا چاقىدۇ. نەتىجىدە بۇ ئەل ئىچىدە مەركەزگە قارشى يوشۇرۇن سىر قالمايدۇ. ئىسيان - پىسيان دىگەن نەرسە ئۇخۇمىدىلا قۇرۇيدۇ. شۇڭا ئۇ يەردە ئەپيۈنكەش چىرىكلەر ئۈچۈن قىلغىدەك ئىش قالمايدۇ.

ياشىنىڭ دانا تەدبىرلىرىدىن سۆيۈنۈپ، مەستخۇش بولغان بېيجىن خان دەرھال يارلىق چۈشۈرۈپ، ياشىنىڭ چارە - تەدبىرلىرىنى رەتلەپ، كىتاپ يېزىپ چىقىشنى ۋە بۇ كىتاپلارنى دەستۇر قىلىپ، ئۇيغۇرلارنى باشقۇرۇشنى ھەمدە ئۇيغۇر ياشايدىغان ھەممە ئىقلىمغا كەڭ تارقىتىشنى پەرمان قىپتۇ. (1)

دىمەك، بىزنى مۇستەملىكە ئاستىدا تۇتۇپ، مەڭگۈلۈك قۇل قىلىش ئۈچۈن خىتاي مۇستەبىتلىرى بىزنىڭ مىللىي مەدەنىيىتىمىزنى ۋە مىللىي مائارىپىمىزنى تۈپ يىلتىزىدىن قىرىپ تاشلىغان ئىدى. ئەندىلىكتە بولسا، بىر مىللەتنى غالىپ ئورۇنغا ئېلىپ چىقىدىغان نەرسە نوقۇل مىللىي مائارىپ ئەمەس، بەلكى يۈكسەك پەن - تېخنىكا، ئىقتىسات ۋە قىرغىنچىلىق كۈچىگە ئىگە ھەربىي سانائىتى بولۇپ قالغان بىر پەيتتە، خىتاي جاھانگىرلىرى قانات - قۇيرۇقلىرى قىرقىۋېتىلگەن، خىتاي مەدەنىيىتىگە سىڭىپ كەتكەن، يارامسىز مىللىي مەدەنىيىتىمىزنى ۋە قېنىمىزغا ئوغا بولىدىغان، رىناكسيون سېپىق مائارىپىنى يېرىم - ياتا بىزگە تاشلاپ بەرگەن بولدى.

ئەنە شۇنداق مىللىي روھتىن، مىللىي ئامىللاردىن ۋە ھەقىقى مىللەت تۇيغۇسىدىن ئايرىلغان بىر دەۋردە يېتىشكەن نەسىل بولۇپ قالغانلىغىمىز ئۈچۈن، ۋەتەن ئىچىدە بولسۇن، ياكى دۇنيانىڭ ھەرقانداق يېرىدە بولسۇن ياشىنىشىننىڭ ئۇزۇن مۈڭگۈزلۈك سەكىلىرىگە ئوخشاش ئۆز ئارا مۈڭگۈزلىشىپ، ئۇيغۇر مىللىتىنى ئىتائەتچان قوي ئورنىدا، ۋەھشى دۈشمەنلەرگە يەم قىلىپ يۈرمەكتىمىز... !

(1)بۇ مىسال پېشقەدەم مائارىپچى مەتتىمىن مەرۇپ ئاكىنىڭ « قۇددۇس ھاپىزدىن تۇتۇلغان ئوت » ناملىق ماقالىسىدىن ئېلىندى. ( شىنجاڭ پەن - تېخنىكا گېزىتى 1995 يىل 5 - ئاي ( ؟ ) سانىدىن )

## خىتايدا زەھەرلىك چېكىملىك چەككۈچىلەرنىڭ سانى كۆپەيمەكتە

« خىتاي سودىگەرلىرى گېزىتى » نىڭ خەۋىرىگە ئاساسلانغاندا، ئۆتكەن يىلنىڭ ئاخىرىغا قەدەر خىتاي جامائەت خەۋپسىزلىك تارماقلىرى تەرىپىدىن رەسمى تىزىمغا ئېلىنغان زەھەرلىك چېكىملىك چەككۈچىلەرنىڭ سانى 681 مىڭ نەپەر بولۇپ، ئەگەر بۇنىڭغا ساقچىلار تەرىپىدىن تىزىمغا ئېلىنمىغانلارنى قوشقاندا ئومۇمى سانى 3 مىليون 500 مىڭدىن 4 مىليونغا قەدەر ئىكەن. خىتايدا زەھەرلىك كېچىملىك چەككۈچىلەرنىڭ يىلىغا ئىستىمال قىلىدىغان چېكىملىكىنىڭ ئومۇمى قىممىتى تەخمىنەن 100 مىليارت يۈەن ئەتراپىدا بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە زەھەرلىك چېكىملىك چەككۈچىلەرنىڭ ئوغرىلاش، بۇلاش، ئالداش، ئۆلتۈرۈش قاتارلىق جىنايى ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق يىلىغا دۆلەتكە ئېلىپ كېلىدىغان ئىقتىسادى زىيىنىمۇ 100 مىليارت يۈەندىن كام ئەمەس ئىكەن.

گېزىتىمىزنىڭ ساھىبى قۇرۇلتاي نامىدىن:
ئەنۋەرجان
مەسئۇل مۇھەررىر:
پەرھات مۇھەممىدى
تەھرىرلەر: تۇرغۇنجان ئالاۋۇدۇن
ئۇيغۇر ئەزىزى
مونتاژ : ئۆمەرجان شاھيارى
كورېكتور: ئۇچقۇن قەشقىرى

تەھرىرھەيئەت ئەزالىرى:
ھاجى ياقۇپ (تۈركىيە)
ئابلىكىم باقى (تۈركىيە)
سىدىقھاجى رۇزى (ئامېرىكا)
ئەخمەت ئىگەمبەردى (ئاۋستىرالىيە)
سىيتجان قەيسەر (ئۆزبەكىستان)
توختاخۇن ئېركىن (سەئۇدى ئەرەبىستان)
ئەسقەرجان (گېرمانىيە)
قەھرىمان غوجامبەردى

گېزىتىمىزدە ئېلان قىلىنغان ماقالىلارنىڭ مەۋقەسى ئاپتورلىرىمىزغا ئائىتتۇر، گېزىتىمىزگە ئەۋەتىلگەن ماقالىلار قايتۇرۇلمايدۇ، ۋەتەن ھەققىدىكى مۇھىم ئاخبارات - ئۇچۇرلارغا مۇۋاپىق ھەق بېرىلىدۇ.

يارىدەم بېرىشنى خالىغان ۋەتەنداشلىرىمىز ئۈچۈن بانكا ھېساپ نومۇرىمىز:
Ostturkistanische
(Uighurischer)
National Kongress
Deutsche Bank
Konto Nr: 2009116
BLZ:70070024

ئادرېسىمىز :
Ostturkistanischer
(Uigurischer)
National Kongress
Landwehrstr. 17
80336 Munchen
Germany
Tel:
0049 89 55 86 99 86
178 35 25
Fax:
0049 89 55 86 99 87
178 35 25